دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

# سەۋدايى ئاشىق

ئېھسان ئابدۇقۇددۇس (مىسىر)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئېھسان ئابدۇقۇددۇس (مىسىر)
سەۋدايى ئاشىق
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەسەرلىرى تەرجىمە قۇرۇلۇشى

外国文学经典翻译工程

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



سەۋدايى ئاشىق

ISBN 978-7-228-17730-1

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

国家出版基金项目

ئېھسان ئابدۇقۇددۇس (مىسىر)

# سەۋدايى ئاشىق

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنارجان توختاخۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

疯人之恋 : 维吾尔文 / (埃及) 库杜斯著; 穆纳尔江·托合塔洪译. — 乌鲁木齐 : 新疆人民出版社, 2014.9
ISBN 978-7-228-17730-1

Ⅰ. ①疯… Ⅱ. ①库… ②穆… Ⅲ. ①长篇小说 — 埃及 — 现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I411.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第210539号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 责任校对 | 阿依古丽·沙比提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 7 |
| 版　　次 | 2014年9月第1版 |
| 印　　次 | 2014年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 21.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 1

1950 ـ يىلى مەن ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن روھىي كېسەللىكلەر يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم.

ئەسلىدە مېنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىشىمنىڭ تازا زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى مېنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دوختۇرلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن ئالغان بىلىمىم بۇ قېتىمقى يىغىندىن ئالىدىغان بىلىمىمدىن كۆپ ئىدى. لېكىن، مېنىڭ سىرتلارنى ئايلىنىپ كەلگۈم بار. ئىككى يىل بولدى، ھەر كۈنى خىزمەت، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشقا كاللا قاتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىشنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن ئۆتۈۋاتىمەن، ئادەتتىكىدەك خىزمىتىمنى يولىدا ئىشلەپ، يېتەرلىك ئارام ئېلىپ تۇرىمەن، شۇنداقتىمۇ يەنىلا قاتتىق چارچىدىم.

مېنىڭ مېڭەم ھاردى، نېرۋىلىرىم چارچىدى.

مەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بوستونغا قاراپ ئۇچتۇم.

روھىي كېسەللىكلەر يىغىنىنىڭ ۋاقتى ئىككى ھەپتە ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قىرىق بەش كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىم بار.

نەگە بارسام بولار؟

دەم ئېلىشقا تىنچ جايلارنى ئىزدىگەن ئادەم ئەخمەق. جىمجىتلىق ئادەمگە ئارام بېغىشلىمايدۇ، ئەكسىچە ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى تېخىمۇ چارچىتىۋېتىدۇ، كاللىنى تېخىمۇ ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. روھىي جەھەتتىن ئارام ئالاي دېسەڭ، دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئالدىراش بولۇشۇڭ، پۈتۈن تۇرمۇشنى، ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسىنى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى

نەرسىنى ئۇنتۇشۇڭ كېرەك، مانا بۇ ھەقىقىي دەم ئېلىش. بۇ نەرسىلەر سېنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. خىزمىتىڭ ئىچكى دۇنيايىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا، دوستلىرىڭ ۋە دۈشمەنلىرىڭ ئىچكى دۇنيايىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە مەسىلىلەر ئىچكى دۇنيايىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا. ئەگەر سەن بۇ دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن يىراق جىمجىت بىر يەرگە بېرىۋالساڭ، تاشقى دۇنيادىن يىراقلاشقاندەك قىلغىنىڭ بىلەن، لېكىن پۈتۈن تاشقى دۇنيانىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئىچكى دۇنيايىڭدىن يىراقلىشالمايسەن. چۈنكى، جىمجىتلىق سېنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇشۇڭغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىلىپ قالىسەنكى، سەن ئىشخاناڭدىن ھەرقانچە يىراقتا تۇرغىنىڭ بىلەنمۇ، كاللاڭ يەنىلا ئىشخانىدا بولغان بولىدۇ، بېشىڭ ئاغرىيدۇ، نېرۋىلىرىڭ جىددىيلىشىدۇ. سەن دەم ئېلىشقا چىققاندەك بولمايسەن، ئارام ئېلىۋاتقاندەك تېخىمۇ بولمايسەن.

شۇڭا، دىققەت قىلىدىغان بولساڭ، خىزمىتى ئالدىراش ئادەمنىڭ تاماشاسىمۇ كاتتا بولىدىغانلىقىنى بايقايسەن. ئۇ مەسئۇلىيىتى قانچە ئېغىر، ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى قانچە كۆپ بولغانسېرى، شۇنچە قاتتىق ئوينايدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇشۇنداق ئويناش ئارقىلىق يولۇققان مەسىلىلەرنى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئۇنتۇيدۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇ ئوۋغا چىقىشى مۇمكىن؛ ئۇ بار ۋەسلىنى دەسمايە سېلىپ توختاۋسىز قىمار ئوينىشى مۇمكىن؛ ئۇ چېلىش ۋە بوكس مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈشكە ئامراق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ مۇسابىقىلەردىكى رەھىمسىزلىكتىن ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇ شاھمات ئوينىشى مۇمكىن — مېنىڭچە شاھمات بىر خىل جىددىي ئويۇن، چۈنكى ئۇ سەندىن زېھنىڭنى مەركەزلەشتۈرۈپ رەقىبىڭ بىلەن ئېلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، نەتىجىدە سەن ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇيسەن.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئارام بېغىشلىيالمىسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مېڭە ۋە نېرۋىسىغا ئارام بېرەلمىسە، ئۇ ھاراق ۋە مەست قىلىش دورىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ھاراق ۋە مەست قىلىش دورىلىرى پەقەت بىر خىل دورا، ئۇ سىنى ئۆزۈڭگە، ئۆزۈڭنىڭ مەسىلىسىگە، ئۆزۈڭنىڭ ئالاھىدە دۇنياسىغا بولغان تۇيغۇدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەن ئارام ئالغان بولىسەن، سېنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭ ئارام ئالىدۇ. ئەگەر ھاراق ۋە مەست قىلغۇچى دورىلارمۇ ساڭا ئارام بېغىشلىيالمىسا، ئۇ چاغدا سەن ئەسەبىيلىك باسقۇچىغا، ھەتتا تولىمۇ خەتەرلىك ئەسەبىيلىك باسقۇچىغا يەتكەن بولىسەن، مۇنداق چاغدا سەن ئادەم ئۆلتۈرىسەن، ئۆزۈڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ساڭا ھېچقانداق زىيىنى تەگمىگەن ئادەملەرنى ئۆلتۈرىسەن. چۈنكى، قاتىللىق ساڭا ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئالاھىدە دۇنيايىڭدا بىر دەملىك ئارام بېغىشلايدۇ. ئۇ بىر مىليونېرنىڭ ئوۋغا چىقىشىغا ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، سەۋەبسىزلا بىر شىرنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئوۋچى ئاتىلىدۇ، سەۋەبسىزلا ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم بولسا ساراڭ ئاتىلىدۇ!

ئوخشاشلا، بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر جىددىي مۇزىكا — جاز مۇزىكىسىغا ئىگە؛ جىددىي ئۇسسۇل — سامبا، تاقلاش ئۇسسۇللىرىغا ئىگە ... چۈنكى، يېنىك مۇزىكىلار ئادەمگە ئۆزىنى، بۇ دەۋردە يولۇققان مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئۇنتۇلدۇرالمايدۇ. ئەكسىچە، يېنىك مۇزىكا خۇددى جىمجىت يەرگە ئوخشاش، سېنى ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ئويلىنىشقا، يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ بەكرەك سۆرەپ كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەن ئارام ئالالمايسەن. يېنىك مۇزىكا سېنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشۈڭگە ياردەم قىلىدۇ، شاۋقۇنلۇق مۇزىكا بولسا مەسىلىلەردىن يىراق تۇرۇشۇڭغا ياردەم بېرىدۇ!

بۇ جىددىي مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار يالغۇز مۇشۇ دەۋرنىڭ

مەھسۇلى ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىي ماتېرىيالى ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ ئىپتىدائىي مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللىرىدىن ئېلىنغان. بۇ راست گەپ. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئادەملەرمۇ ھازىرقى ئادەملەرگە ئوخشاش ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تېگىشلىك روھىي ئازاب ۋە چىگىش مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىن قورققان، ياۋايى ھايۋانلاردىن قورققان، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورققان، قەبىلە باشلىقىدىن قورققان، شۇنىڭ بىلەن جىددىي مۇزىكىنى ئىجاد قىلغان. ئۇلار ئەسلىدە بۇ ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن خۇشاللىققا ئېرىشمەكچى بولغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئۇنتۇش، قورقۇش ۋە ئازابلارنى ئۇنتۇش مەقسىتىگىلا يېتەلىگەن.

جىددىي مۇزىكا غالجىرلىق كېسەللىكىنىڭ مۇداپىئە ئوكۇلىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەر خولېرا باكتېرىيەسىدىن يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بەلگىلىك مىقداردا خولېرا باكتېرىيەسى ئۇرۇپ، بەدىنىدە ئانتىتېلا پەيدا قىلىدۇ. جىددىي مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بەلگىلىك مىقداردىكى غالجىرلىق باكتېرىيەسىگە ئوخشايدۇ، ئۇ سىنى يېنىك دەرىجىدە ۋاقىتلىق غالجىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق قوغدايدۇ، سىنى پۈتۈنلەي غالجىرلىششتىن ساقلاپ قالىدۇ. مەن ئۆزۈم شاۋقۇنلۇق مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرمەيمەن، تاقلاپ ئوينايدىغان ئۇسسۇللارنىمۇ ئوينىمايمەن. لېكىن، كۆپ ھاللاردا بىمارلىرىمغا خۇشال كەيپىيات ئاستىدا سامبا ئۇسسۇلى ئويناپ قويۇشنى نەسىھەت قىلىمەن.

مەن دەم ئېلىش نەزەرىيەسى توغرۇلۇق تولا سۆزلەپ، تېمىدىن بەكلا چەتنەپ كەتكەندىمەن. ئەپۇ قىلىڭلار ! لېكىن، مەن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى. دوختۇرلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىدە پەيدا بولغان خاتىرجەمسىزلىكلەرنى ئانالىز قىلىشقا خۇشتار كېلىدۇ. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىدۇر، بەلكىم ئۆزلىرى مۇشۇنداق ئانالىز

www.uygburkitap.com

ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىنىدۇر. ۋە بەلكىم ئانالىز ئىچىدىن يېڭى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

مۇھىمى:

مەن ئارام ئالىدىغان يەر تالالاشتا ھەرگىزمۇ تىنچ يەرنى تاللىمايمەن. چۈنكى، تىنچلىقنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاۋارىچىلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، بۇ بىر قاتار تېتىقسىز، بىشى جىمجىت، ئاخىرى غالجىرلىشىدىغان ئانالىزنىمۇ ئوبدان بىلىمەن.

مەن شاۋقۇنلۇق، ئادەمگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان، ئۆزۈمنى، ئازابلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، روھىمغا ھەقىقىي ئارام بېغىشلايدىغان يەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم!

ئۇ تاسادىپىيلىق، پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق. مەن بىر ساياھەت ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ چوڭ بىر ئېلاننى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنىڭغا ئافرىقىنىڭ خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن، ئۈستىگە قارا خەتتە يوغان قىلىپ «قارا ئافرىقا» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

مەن تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولدۇم.

مەن ياش ۋاقتىمدا ئوقۇغان ئافرىقا ياكى قارا ئافرىقا توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئەسكە ئالدىم، سىرلىق، تەسىرلىك ئافرىقا ئورمانلىرىنى، ياۋايى ھايۋانلارنى، نېمە ۋە نېمە قەبىلىسىنى ئەسلىدىم.

سېنىڭ مېڭەڭدە قېلىپ قالغان ئاشۇ ماتېرىياللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھەرقانداق نەرسە تەسەۋۋۇرۇڭنى چەكلىيەلمەيدۇ. ئەگەر مېڭەڭدە مەلۇم مەسىلىنىڭ ماتېرىيالى بولمىسا، ئۇ ھالدا بۇ مەسىلىگە بولغان تەسەۋۋۇرۇڭ كىچىك باللارنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان خام خىياللىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى ئوتتۇرا ئافرىقىدا تەسەۋۋۇر قىلدىم، ئۆزۈمنى

تارزان[1]نىڭ ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا، بالىلاردەك بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىگە غەرق بولدۇم.

مەن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ئوتتۇرا ئافرىقىغا بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىش قارارىغا كەلدىم.

بەش كۈندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى سېنېگال — مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى فىرانسىيەگە قاراشلىق سۇداننىڭ پورتى ۋە مەركىزى دەپ ئاتالغان داكارنىڭ يولىدا كۆردۈم. مەن بېشىمغا يۇمشاق ياغاچتىن ياسالغان چوڭ ئاق قالپاق كىيدىم، بۇ ئافرىقىغا ئېكسپېدىتسىيەگە بارغان ساياھەتچى ستانلېي[2]نىڭ قالپىقى بىلەن ئوخشاش ئىدى!

مەن داكارنى تۇنجى قېتىم يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ بىر چوڭ شەھەر ئىدى، زامانىۋى ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، كوچىلىرىدا تىرامۋاي، ئاپتوبۇسلار قاتناپ تۇرغان، ماگىزىنلارغا پارىژنىڭ ئەڭ يېڭى مودىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ئېسىلغان ... قىسقىسى، داكاردىن تارزان ۋە ناستا[3]نىڭ ئىزلىرىنى ئاززاقمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ مەن داكارنىڭ كوچىسىدا بىردەم مېڭىپلا، ئۆزۈمنى ئافرىقىدا ھېس قىلدىم. غەلىتە، چۈشىنىكسىز بىر خىل تۇيغۇ مېنى ئاشۇ چىرايلارغا قاراشقا دەۋەت قىلاتتى، گويا ئۇلار ھەرقانداق يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىغان چىرايلار ئەمەستەك ئىدى. بۇ يەردە يەرلىك نېگىرلارنىڭ چىرايىدىن باشقا، چەت ئەللىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ چىرايلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھەربىر چىراي تەسەۋۋۇرۇمنى قوزغايتتى. ئۇلارنى باشقا بىر دۇنيادا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ چىرايىنى ئاق رەڭدە بويالغان قارا چىراي، قارا تەنلىكلەرنىڭ چىرايىنى قارا رەڭدە بويالغان ئاق

[1] تارزان — ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى ئې. ر. بارۇسنىڭ «ئادەمسىمان مايمۇن تارزان» ناملىق ئەسىرىدىكى باش قەھرىمان.

[2] ستانلېي — ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى.

[3] ناستا — تارزاننىڭ خوتۇنى.

چىراي دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.
قويۇق ئافرىقا ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئۇ ھەسسە پەردە ماڭىلا ئەگىشىپ يۇرەتتى، ھەتتا فىرانسىيەلىك ئاچقان ساتىراشخانىدا ئولتۇرغان، ساتىراش ساقىلىمنى ئېلىۋاتقان، ئۆگى ئاپپاق فىرانسۇز قىز تىرنىقىمنى ياساۋاتقان، فىرانسىيە ئەتىرى ئالدىمدا تۇرغان ۋاقىتتىمۇ، بۇ ھىد مەندىن يىراقلاشمىدى، بارلىق فىرانسىيە ئەتىرلىرىمۇ بۇ كۈچلۈك ئافرىقا ھىدىنى بېسىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ ئالاھىدە بىر خىل ھىد ئىدى، سېنى ئۆزۈڭ كېتىۋاتقان بۇ تۇپراق بىلەن باغلاپ تۇراتتى، سېنى بۇ تۇپراققا باشلاپ كېلىپ، ساڭا بۇ تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىشنى مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندەك ئىدى.
غەلىتە بىر خىل تەشۋىش خۇددى سوغۇق ھاۋادەك ئىچىمگە بۆسۈپ كىردى. ئۇ ئادەمگە ۋەھىمە سالاتتى، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى تۇيغۇ بېرەتتى. مەن پاكىز، رەتلىك كوچىدا كېتىۋاتقان، تىراموۋاي ۋە ئاپتوبۇسلارنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەربىر قەدىمىمدە قانداقتۇر ئاجايىپ بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتەتتىم، خۇددى بىر شىرنىڭ ماڭا ئېتىلىپ كېلىشىنى ياكى بىرەر مايمۇننىڭ مۈرەمگە سەكرەپ چىقىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك.
بۇ خىل غەلىتە ۋەھىمە مەن داكاردا تۇرغان تۆت كۈن ئىچىدە مەندىن باشتىن ـ ئاخىر ئايرىلمىدى. لېكىن، ھېس قىلىشىمچە، بۇ خىل ۋەھىمە مېنى ئافرىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ــ سىر يوشۇرۇنغان تەرىپىگە سۆرەپ ئاپىراتتى. سەن سۇغا ئۇزۇن ۋاقىت قاراپ تۇرساڭ، سۇغا سەكرەپ ئۇنىڭ سىرىنى ئاچقۇڭ كېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ مېنىڭ ھېس قىلغىنىم. مەن ئافرىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بۆسۈپ كىرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن يۇرت ۋە دېڭىزدىن ئايرىلىمەن، مەن ئافرىقىنىڭ سىرىنى ئاچىمەن!
مەن پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئافرىقىنىڭ يۈرىكى بولغان باماكو

شەھىرىگە قاراپ ماڭدىم. يول بويى نەزىرىمنى دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىن زۇمرەتتەك ئاسمانغا يۆتكەپ ماڭدىم. پويىز ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىنى كېسىپ كېتىۋاتاتتى. يىراقتىن بۆكەن، پىل، زىراپە ياكى مايمۇن توپلىرىنى كۆرگىنىمدە، كىچىك بالىلاردەك خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. قارا ئەبنۇس ياغىچىدەك مەغرۇر تۇرغان ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەپچىل بەستىنى كۆرگىنىمدە ھاياجان بىلەن ۋارقىرايتتىم. قۇياش ۋە يېگى سۇتنىڭ رەڭگىدىكى ئاپپاق چىشلارنى ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقان قېنىق رەڭدىكى لەۋلەرنى كۆرگىنىمدە، مەنمۇ ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتىم. مەن بۇ تەبەسسۇم ئىچىدە مەست بولىمەن، ئۆزۈمنى ئاشۇ ئاپپاق چىشلارغا يەم بولۇشقا تەييار تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن.

مەن ئۇنتۇدۇم.

مەن قاھىرەنى ئۇنتۇدۇم.

مەن شىپاخانامنى ئۇنتۇدۇم.

مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇدۇم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇدۇم.

مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇدۇم.

مەن بۇ تەسىرلىك مەستخۇشلۇق قويىنىغا غەرق بولغان، بۇ ئاجايىپ، جەلپكار ۋەھىمە ئىچىگە پېتىپ كەتكەنىدىم.

مەن باماكوغا ناھايىتى ھارغىن كەلدىم.

مەن مەستخۇشلۇق ئىچىدە چارچىغانىدىم.

مەن شەھەردىكى بىردىنبىر مېھمانساراي — گراند مېھمانسارىيىغا چۈشتۇم. مەن يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

مەن توختىماي ئۇرۇلغان ئىشىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم.

قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، قارىسام ياغاچ دېرىزىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ. سائىتىمگە قارىدىم، دەل ئالتە يېرىم بوپتۇ.

ئىشىك توختىماي ئۇرۇلۇۋاتاتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى

ئاچتىم.

ئىشىكنى شۇنداقلا ئېچىشىمغا، بىر ئەر تۇيۇقسىزلا قوللىرىنى كېرىپ ماڭا ئېتىلدى. ئۇ قويۇق لىۋان تەلەپپۇزىدىكى ئەرەب تىلىدا ۋارقىرىدى:

— قارشى ئالىمىز ! باماكودىكى مىسىرلىقنى قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز ! قارشى ئالىمىز !

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قولۇمنى ئۇزاتتىم - يۇ، لېكىن بۇ چاقىرىلمىغان مېھمان ئالدىدا يەنىلا تەمتىرەپ قالدىم، ئاغزىم ئاران گەپكە كەلدى.

— قارشى ئالىمەن !

لېكىن، ئۇ مېنىڭ سوزغان قولۇمنى ئالمىدى، قوللىرىنى غاز قانىتى قىلىپ، ئېغىر لىۋان تەلەپپۇزىدا ۋارقىرىدى:

— ئاغىنە، سېنى سۆيۈپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلغىن: مىسىرلىقلارنىڭ باماكوغا كېلىشى ئاز ئۇچرايدىغان ئىش، قارشى ئالىمىز ! قارشى ئالىمىز !

ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى، دولامغا شاپىلاقلىدى، پېشانەمگە سۆيدى، ئاندىن ياتاققا كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

ئۇنىڭ ئىسمى سامى داۋۇد، لىۋان مۇھاجىرى ئىكەن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، تېخى يەنە ئەدەبىياتچى ئىكەن.

ئۇ تولىمۇ گەپدان ئىدى.

ئۇ قاھىرە، بېيرۇت، باماكو توغرۇلۇق سۆزلىدى، سىياسەت ۋە ئەدەبىيات توغرۇلۇق بىرمۇنچە گەپ ساتتى، يەنە ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ ئوتتۇز ئىككى ياشلاردا بار ئىدى، ئېگىز بوي، بەستلىك، قارا چاچ، كۆزلىرى تورلاشقان، تېرىسى قارا ئىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق مەسىلىنى بايقىيالمىدىم. ئۇ گەپدان بولغانلىقتىنمۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ گېپى جىق بولغىنى بىلەن ئادەمنى بىزار



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلمايتتى. ئەكسىچە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، مەن گويا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن بېرى تونۇشىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم، ئۇنى دوستۇم قاتارىدا كۆرۈشكە باشلىدىم.
ئۇ بىرمۇنچە گەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:
— جانابلىرى ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرىمۇ؟
مەن كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:
— ياق.
ئۇ يەنە سورىدى:
— تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى؟
— ياق، — دەپ جاۋاب بەردىم.
ئۇ سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئەمىسە چىش دوختۇرى ئىكەنسەن ـ دە؟
— ياق، — دېدىم مەن.
ئۇ ئەمدى ساپ لىۋان يەرلىك تىلىدا ئېغىز ئاچتى؛
— سېنىڭ ئۆيۈڭ ئۆرۈلدى،① ئەمىسە سەن نېمە، مال دوختۇرىمۇ؟
مەن قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتىم.
— ياق، مەن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى!
سامى جىمىپ كەتتى يا گەپ قىلمايدۇ، يا كۈلمەيدۇ. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى مەن ئولتۇرغان كارىۋاتنىڭ قىرىغا سىيرىپ ئاپىرىپ، ئاندىن ئۇنى چىڭ تۇتتى. ئۇ گويا ئىچكى دۇنياسىدىكى قانداقتۇر بىر نەرسە بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك، ئاخىر ئۆزى ئۆستىدىن غالىب كەلگەندەك ئىدى.
— سەن بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ناھايىتى خۇشالمەن! — دېدى ئۇ كېيىن پەس ئاۋازدا.
سامى مېنىڭ تىترەۋاتقان قوللىرىغا قارىغانلىقىمغا دىققەت قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەشلىرىگە، جىمىپ

① سېنىڭ ئۆيۈڭ ئۆرۈلدى — لىۋان يەرلىك تىلى، ھەممە ئىش تۈگىدى، دېگەن مەنىدە.

كېتىشكە ۋە ئاۋازىنىڭ پەسلەپ كېتىشىگە ئازراقمۇ ئېتىبار قىلمىدىم. سامى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، يەنە ئاغزى بىسىقماي سۆزلەشكە باشلىدى.

مەن بىر قۇر يۇيۇنۇپ كىيىملىرىمنى كىيدىم، بېيشىغا ساياھەتچى ستانلىپىنىڭكىدەك قالپاقنى كىيدىم، ئاندىن ئىككىمىز چىقىپ مېھمانسارايىنىڭ ئاشخانىسىدا ناشتا قىلدۇق، ناشتىدىن كېيىن ئۇ مېنى شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ يېنىمدا كېتىۋېتىپ توختىماي سۆزلەيتتى، ئۇچرىغان ھەربىر نەرسىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تونۇشتۇراتتى. ئۇ يولدا بىر ئاغىنىسى بىلەن كۆرۈشتى، ئاغىنىسى كېتىشىگە گەپ باشلىدى:

— ئۇمۇ لىۋان مۇھاجىرى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بېيىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ دادىسى ئەللىك يىل ئىلگىرى ۋەيران بولۇپ بۇ يەرگە كەپتىكەن. ئۇلار قاراتەنلىك مۇسۇلمانلارغا مەككىنىڭ تۇپىسى دەپ تۇپا ساتقان. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بېيىغان، كېيىن تىجارەت قىلىپ مىليونېرغا ئايلىنىپ كەتتى.

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

مەن سامىنىڭ گەپلىرىگە ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمىدىم، كۆزلىرىم ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتقان چىرايلاردا ئىدى. خۇددى قارا ماmoq چاپانلاردىكى تۆشۈكلەردەك، گۈزەل قارا چىرايلار ئارىسىدا ئاندا - ساندا ئاق چىرايلار ئۇچراپ قالاتتى. ئاياللارنىڭ كىيىملىرىگە قاراپ ئۆلگۈرگىلى بولمايتتى، باشلىرىغا رەڭمۇرەڭ يىپەك ياغلىقلار ئارتىۋالغان، رەڭدار، كەڭ كىيىملىرىنىڭ سىرتىغا نېپىز، كەڭ يېپىنچىلارنى ئارتىۋالغان، ئۇلار ھال، سارغۇچ، يېشىل ۋە باشقا ئوچۇق رەڭلەردە ئىدى. مانگو ساتىدىغان ئاياللار خۇددى قوي پادىسىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېتىۋاتاتتى، ئېغىر مانگونى بېشىدا كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇ

ئايالىلار بىزنىڭ ئۇ يەردىكى تۇرۇپ ساتىدىغان ئايالىلارغا ئوخشاپ كېتەتتى، ئاۋازى خۇددى يولدىن ئادىشىپ قالغان بۆكەننىڭ پۇتىغا باغلاپ قويغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك زىل ئىدى.

باماكو كىچىك شەھەر، ئۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، بىر قىسمىغا چەت ئەللىكلەر ئولتۇراقلاشقان، يەنە بىر قىسىمغا يەرلىك ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللىكلەر ئولتۇراقلاشقان قىسمىدا بىنا ۋە داچىلار بار، يوللىرى رەتلىك، پاكىز، يەرلىك پۇقرالار ئولتۇراقلاشقان قىسىمدا بولسا باشقا مۇستەملىكە دۆلەتلىرىدىكىگە ئوخشاش تام ئۆيلەر، توپا يوللار.

بىز چەت ئەللىكلەر رايونىنى بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئارىلاپ بولدۇق.

— ئەمدى يەرلىك پۇقرالار رايونىغا بارايلى، — دېدىم سامىغا.

— ياق، — دېدى سامى بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ دېگۈدەك، — هازىر بولمايدۇ!

مەن هەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. لېكىن، ئۇ ئەسلىي هالىتىگە قايتىپ، خۇددى مەندىن ئەپۇ سوراۋاتقاندەك ئاستا ئېغىز ئاچتى:

— ئاۋۋال دەريانى كۆرۈپ كېلەيلى.

بىز نىگېر دەرياسىغا قاراپ ماڭدۇق. مەن يول ئۈستىدە توختاپ ئاپپاراتىمنى چىقاردىم. بىر سېپتىقچىنىڭ يېنىدا ئولىشىپ تۇرغان بىر توپ ئايالنى كۆرسىتىپ سورىدىم:

— ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋالسام بولامدۇ؟

سامى مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە — توپلىشىپ تۇرغان يەرلىك ئايالىلارغا قارىدى، ئاندىن شارتتىدە ماڭا بۇرۇلۇپ، خۇددى مەندىن خاپا بولغاندەك، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، ئۇلار سۈرەتكە چۈشۈشنى ياقتۇرمايدۇ. دەريا بويىغا بارغاندا چىرايلىق مەنزىرىلەرنى تارتىۋالساڭ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەن تېخىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلدىم.

سامى بۇ قېتىم خاپا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىدى، بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ، تېز ـ تېز مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

مەن سامىنىڭ يول ماڭغاندا پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ماڭىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ توختىماي گەپ قىلاتتى، لېكىن گەپ قىلغاندا يا بېشىنى كۆتۈرمەيتتى، يا ئەتراپىغا قاراپ قويمايتتى، خۇددى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، خۇددى بېشىنى كۆتۈرسە ئۆزى كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قېلىشتىن قورقىدىغاندەك ئىدى.

سامى توغرۇلۇق خىياللىرىم كۆپەيگەنسېرى سەل ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىكەنلىكىمنى، شىپاخانامنى، خىزمىتىمنى ئېسىمگە سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن مەن ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىشنى خالايتتىم. مەن ئىشلىمەيمەن، مەن دەم ئېلىشقا كەلگەن!

مەن ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتىمەن. قايتقۇچە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى توپلىۋېلىش مەقسىتىدە، ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرگە پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ كېتىۋاتىمەن.

بىز نىگېر دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدۇق.

نىگېر دەرياسىنىڭ بەزى يەرلىرى نىل دەرياسىدەك كەڭ ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭدا نىل دەرياسىدا يوق نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. نىگېر دەرياسى سىرلىق، رەھىمسىز، سۇرلۇك كۆرۈنەتتى، سۇنىڭ ئاۋازى شىرنىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ «نىگېر» دىگەن ئىسمىلا ئادەمدە ئوتتۇرا ئافرىقىغا نىسبەتەن زور ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. دەريا بويىغا توختىتىپ قويۇلغان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كارتېر ۋە سەيلە كېمىلىرىمۇ بۇ خىل ۋەھىمىنى پەسلىتەلمەيتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە، نىگېر دەرياسى كارتېر ۋە سەيلە كېمىلىرىنىڭ ئاستىدا نەرە تارتىۋاتاتتى، كارتېر ۋە سەيلە كېمىلىرىنى ئىچىگە

تارتىپ يۈتتۈۋەتمەكچى ئىدى. دەريانىڭ بىر تەرىپىدە فىرانسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇھاجىر قىزلىرى سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەن سۇ ئۈزۈۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىلەرمۇ نىگىر دەرياسىنىڭ رەھىمسىز ۋە قوپاللىقىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېرىك ئۆمىكىدە قىز شىرنىڭ ئاغزىغا كىرىپ ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. دەريانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە — مۇستەملىكىچىلەر رايونىدىن خېلىلا يىراق يەردە يەرلىك ئاياللار دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئوچۇق كۆكسى خۇددى مەيدىسىگە نېلۇپەر گۈلى تاقىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.

مەن سۈرەتكە تارتىۋېلىش ئۈچۈن يەرلىك ئاياللار تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

سامىنىڭ يۈزلىرى يەنە قىزاردى، ئىككى قولى، مەڭزلىرى دەھشەتلىك تىترىدى.

ئاندىن چىداشقا تاقىتى قالمىغاندەك ۋارقىرىدى:

— ئۇلارنى نېمىشقا سۈرەتكە تارتىسەن؟ ئۇلار نىگىر، قۇل، ياۋايى ئادەملەر. سەن ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەت، ئۇلار ئۆلۈمگە لايىق، بارلىق قۇللار ئۆلۈمگە لايىق. مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، شۇنداق، مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

ئۇ ۋارقىرايتتى، بىئاراملىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇتىنىڭ ئۈچىدىن باشقا يەرگە ئالمايتتى، ماڭىمۇ قارىمايتتى. ئۇنىڭ مەڭزلىرى خۇددى يۈزىدىن چۈشۈپ قالىدىغاندەك دەھشەتلىك سىلكىنەتتى.

مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

بۇ خىل ئەھۋال مېنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتاتتى.

لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ھازىرقى ئەھۋالىنى سەزدۈرۈپ قويماسلىقنى ئويلىدىم. پىسخولوگىيەنىڭ باش پىرىنسىپى بىمارغا ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرماسلىق، ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى

www.uyghurkitap.com

ساقلاش.

مەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى سەزمىگەن قىياپەتتە پەرۋاسىزلا ئېغىز ئاچتىم:

— مۇنداق قارىسام، ئاق تەنلىك قىزلار بەكرەك چىرايلىق بولىدىكەن.

مەن ئەمدى مۇستەملىكىچىلەر ۋە مۇھاجىرلارنىڭ قىزلىرى بار تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. سامى ئارقامدا قالدى، ئۇ بىر تۈپ دەرەخكە يۆلىنىۋالغان، ھەدەپ ھاسىرايتتى.

مەن بىرنەچچە پارچە سۈرەت تارتتىم، كاللام بولسا سامىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ مېنىڭ يەرلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونغا بېرىشىمنى، يەرلىك ئاياللارنى سۈرەتكە تارتىشىمنى توسۇغاندا، ئۇنى نېگىرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىكەن، ئۇلارنى قوغدايدىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۇلارنى يوقىتىمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولدۇم، شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىگە كاللامنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمىدى، چۈنكى مەن بۇ يەرگە ئارام ئېلىشقا كەلگەن!

مېنىڭ سۈرەت تارتقان ۋاقتىم سامىنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىشىغا يېتىپ ئاشاتتى.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدىم:

— ئەمدى نەگە بارىمىز؟

ئۇ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— قايتايلى.

مەن قارشىلىق بىلدۈرمىدىم.

بىز بايا كەلگەن يولىمىز بىلەن ئارقىمىزغا قايتتۇق. سامى گەپ قىلماي كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرى پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئىدى.

يول مېڭىش ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشىگەندەك قىلاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەندىن ئەپۇ سوراۋاتقاندەك ئېغىز ئاچتى:

— بۇ قۇللار مېنىڭ نېرۋامنى بۇزۇۋەتتى.

— بۇ يەرنىڭ نەم ئىسسىق ھاۋاسىدىن شۇنداق بولۇۋاتقانسەن، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ياق، — دېدى ئۇ، — ھەممىنى قىلغان مۇشۇ قۇللار !

مەن بۇ گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتىش مەقسىتىدە، يول بويىدىكى بىر ھۆكۈمەت بىناسى توغرۇلۇق سورىدىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گەپ خالتىسى يەنە ئېچىلدى، توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

ئىككىمىز مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا خوشلاشتۇق.

ئۇ كەچتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يۈرۈپ كەتتى.

كەچتە سامى ئىككىمىز نىگېر دەرياسى بويىدىكى ئۈستى ئوچۇق قەھۋەخانىغا باردۇق. قەھۋەخانىنىڭ مۇزىكا ئەترىتى بار ئىدى، مۇزىكانتلارنىڭ ھەممىسى ئاق تەنلىكلەر ئىدى. قەھۋەخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تانسا مەيدانى بار ئىدى. ئورۇندۇقلار دەرەخلەرنىڭ ئاستىلىرىغا قويۇلغان، ئورۇندۇقلار ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇخلاش ئۈچۈن قويۇلغاندەك چوڭ ھەم راھەت ئىدى. قەھۋەخانا غوجايىنى چاچلىرىنى بويىۋالغان، سېمىز فىرانسۇز ئايال ئىدى. ئۇ غەللىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، خۇددى خېرىدارلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى تەكشۈرۈۋاتقاندەك، ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، قەھۋەخانىنىڭ نامى «فانى» ئىدى.

سامى راھەت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— بىلەمسەن، بۇ قەھۋەخانىغا نېگىرلارنىڭ كىرىشى چەكلىنىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەر رايوندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى، مەن گەپلىرىگە جىممىدە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇم.

ئافرىقا كېچىسىنىڭ سەلكىن شامىلى بىزنىڭ چاپانلىرىمىز ئاستىدىن ئۆتۈپ، قىزىق بەدىنىمىزگە ئارام بېغىشلايتتى.

ئافرىقا ئاسمىنىدىكى ئاي نۇرلىرىنى دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ئايىماي چېچىپ، ئۇلارنى ئالتۇن رەڭ تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. بۇ يەردە ئاي ماڭا خۇددى ئورمان، تاغ، نىگېر دەرياسى ۋە ئافرىقا قىزلىرىنىڭ چىرايىدەك تەبىئىي كۆرۈندى. ئامېرىكىدا بولسا ئاسمان پەلەك بىنالارغا كۆز تاشلاپ تۇرغان ئاي ماڭا سۇنئىيدەك كۆرۈنگەن.

سامى يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى ئالدى، مانگونىڭ ئۇرۇقىغا بەك ئوخشايتتى. بىر يەرلىرى يېشىل، بىر يەرلىرى سېرىق ئىدى. سامى ئۇنى ئازراق چىشلىۋېلىپ تىلى ئۈستىگە قويدى، قالغىنىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— ئۇ نېمە؟

ئۇ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— كولا.

— قانداق كولا؟ — سورىدىم مەن.

— سەن كوكاكولانى بىلمەمسەن؟ — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە كولا كۆپ ئۆسىدۇ.

ئۇ يانچۇقىدىن بىر تالنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

— سىناپ باققىن.

مەن ئۇنى ئالغىنىمدا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ سورىدىم:

— ئۇنىڭ نېمە رولى بار؟

— ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، — دېدى ئۇ، — پۇلدار نېگىرلار ئۇنى جىنسىي ئەزانى كۈچلەندۈرىدىغان دورا دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھايۋان. ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت مېڭىنىلا جانلاندۇرىدۇ!

مەن ئۇنىڭدىن ئازراق چىشلىدىم. تەمى بەك قىرتاق ئىكەن، تىللىرىمنى قورۇۋەتتى.

مەن ئۇنى دەرھال تۈكۈرۈۋەتتىم، خۇددى تەمى نېمانداق قىرتاق، قانداق چىداۋاتىسەن، دېگەندەك سامىغا قارىدىم، ئاندىن سورىدىم:

— نېگىرلارنىڭ مۇنداق خومارىمۇ بارمۇ؟

— ھەئە، — دېدى ئۇ، ئارقىدىن يەنە قوشۇپ قويدى، — ئۇنى بۇ يەردە ھەممە ئادەم يەيدۇ.

بىز ئەمدى كولانىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتۇق. مەن ئۇنى يەمەن ئاھالىلىرى ياخشى كۆرىدىغان كات① بىلەن سېلىشتۇردۇم. تۇيۇقسىز سامىغا دىققەت قىلىپ قالدىم. ئۇ تىككىدە ئولتۇرۇۋالغان، ئەندىشە بىلەن تولغان كۆزلىرى ئىشكتە ئىدى، مەڭزلىرى لىپىلداشقا باشلىغانىدى.

سامىنىڭ ۋەھىمىلىك كۆزلىرى ئىشىكتىن كىرىۋاتقان بىر نېگىر قىزغا تىكىلگەنىدى. قىز ئون توققۇز ياشلاردا بار، ئۇستىخىنى چىرايلىق، بەدىنى تولغان، ئۇچىسىدا مىللىيچە كىيىم بار ئىدى. نۇرلۇق كۆزلىرى چىرايىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى، تاتلىق كۈلۈمسىرەشلىرى ئادەمنىڭ ئەقىل - ھوشىنى ئالاتتى.

قىز بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە ئادەمنى مەست قىلىدىغان كۈلۈمسىرىشى ۋە نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن سامىغا لەپپىدە قاراپ قويدى، ئاندىن قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، قەھۋەخانىنىڭ يەنە بىر ئىشكىدىن چىقىپ كەتتى.

سامىنىڭ مەڭزلىرى خۇددى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك دەھشەتلىك لىپىلداشقا باشلىدى، كۆزلىرىدىن بىر خىل ۋەھىمىلىك نۇر چاقنايتتى. ئۇنىڭ نەپسى تېزلىشىپ كەتتى، پېشانىسىدە مونچاق - مونچاق تەرلەر پەيدا بولدى. ئورۇندۇقنى قاماللاپ تۇتتى، ناھايىتى قورقۇپ كەتكەندەك، يەنە بىر قارىسا قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك ئىدى.

ئاندىن ئۇ ماڭا قارىمايلا، غۇدۇرىغاندەك ئېغىز ئاچتى:

— كەچۈرگىن!

---

① كات — دائىم يېشىل تۇرىدىغان بىر خىل چاتقال، يوپۇرمىقىدا مەست قىلغۇچى ماددا بار، ئەسلىي ئېفىئوپىيەدە بولىدۇ، ھازىر يەمەندە كۆپ مىقداردا تېرىلىدۇ.

ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قىز چىقىپ كەتكەن ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

مەن سامىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلىدىم.

مەن يېرىم كېچىگىچە ساقلىدىم.

ئۇ قايتىپ كەلمىدى.

## 2

مەن فانى قەھۋەخانىسىدىن چىقىپ مېھمانسارايغا قايتىپ كەلدىم. مېڭەم پۈتۈنلەي سامىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى مېنىڭگە ئايلانغانىدى. روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ كەسپى مېنى بويسۇندۇردى. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ يالغۇز بىر كەسىپلا ئەمەس، يەنە بىر خىل ھەۋەس ئىدى. قارىسام، مەن ئوتتۇرا ئافرىقىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيۋاتاتتىم، مەن پۈتۈن ئەقىل ـ پاراستىمنى يىغىپ، ئۆزۈم يولۇققان مەسىلىلەرنى يېشىشىم كېرەك ئىدى. مەن ھەتتا ئەگەر سامىنىڭ سىرىنى ئاچالىسام، ئافرىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سىرىنى ئاچالىسام، ئافرىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سىرى ئېچىلىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

مەن ياتاقتا خاتىرەمنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى خاتىرىلەپ قويدۇم: «بۈگۈن سامى داۋۇد ئىسىملىك لىۋان مۇھاجىرى مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى شۇنداق قالايمىقان، ئاخىر مېنى ئۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىشقا سۆرەپ كىردى.»

ئاندىن خاتىرىنى يېپىپ، ئۇخلاشقا ياتتىم. مېنىڭ سامىغا بولغان قاراشلىرىم خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى: ئۇنىڭ گەپدانلىقى؛ ئۇنىڭ يول ماڭغاندىكى ھالىتى، پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ مېڭىشلىرى؛ يەنە ئۇنىڭ يەرلىك نېگىرلارغا بولغان ھېسسىياتىدىكى تۇراقسىزلىق؛

بەزىدە چەت ئەللىكلەر ئالدىدا ئۇلارنى قوغداۋاتقاندەك قىلىدۇ، بەزىدە ئۇلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ، ئۇلارنى ياۋايى قۇللار دەپ ئاتايدۇ. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنىڭ دەھشەتلىك لىپىلداشلىرى. بىرىنچى قېتىم مەن يەرلىك ئاياللارنى سۈرەتكە تارتماقچى بولغاندا، ئىككىنچى قېتىم ھېلىقى نېگىر قىز قەھۋەخانىغا كىرگەندە ئاشۇنداق لىپىلداپ كەتتى. نېگىر قىز ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويغان بولدى، كېيىن سامى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر چەقىپ كەتكەن بىلەن قايتىپ كەلمىدى ...

مەن ئۇيقۇغا كەتتىم، كىنو لېنتىسى يەنىلا مېڭەمدە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

سەھەر سائەت ئالتە يېرىم بولغان ۋاقىت، ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم.

سامى كىرىپ كەلدى، ئۇ يەنىلا شۇ لىۋان يەرلىك تىلىدا گەپ قىلدى، يەنە كېلىپ، ھەربىر ھەرپنى شۇنداق تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلاتتى:

— دوختۇر، مۇشۇ كەمگۈچە ئۇخلىدىڭمۇ؟ باماكودا سائەت بەشتىلا ھايات باشلىنىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرى كەسكىن ۋە مەردانە ئىدى.

لېكىن، ئۇ تۇنۇگۈنكى ئىش ئۈچۈن ئەپۇ سورىمىدى، مېنى قەھۋەخانىغا تاشلاپ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگىنىگە ئەپۇ سورايدىغان تۈرى يوق ئىدى. قارىسام تۇنۇگۈنكى ئىشنىمۇ تىلغا ئالغۇسى يوق كۆرۈنەتتى.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم: ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، كۆزلىرىدە ئۇيقۇسىزلىق، بۇلارنى يېپىش ئۈچۈن ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بوينىدا بىر ئىز پەيدا بولۇپ قالغانىدى، قارىسام تىرناقنىڭ ئىزىدەك قىلىدۇ.

كۆزلىرىم تىرناق ئىزى ئۈستىدە توختاپ قالغانىدى، سامى ئىختىيارسىز قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇ يەرنى سىلاپ قويدى، ئۇ يەرنى مەندىن يوشۇرماقچىمۇ ياكى مېنىڭ كۆز نۇرۇم ئۇ يەرنى ئاغرىتىۋەتتىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. لېكىن، ئۇ بۇ ئىز توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ ئولتۇردى، كېيىن ئاساسىي مەقسەتكە كۆچتى:

— دوختۇر، كەچۈرسەن، بۈگۈن ساڭا ھەمراھ بولالمايمەن، دۇكاندا بىرمۇنچە ئىشىم تۇرىدۇ، لېكىن چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيلى، ئىنىم سالىمنىڭ سەن بىلەن بەك كۆرۈشكۈسى بار، ئۇ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن مىسىرنىڭ ھىدىنى پۇرىماقچى.

مەن باشقىلارنىڭ تەكلىپ قىلىشىنى، بولۇپمۇ چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، كۆڭۈللۈك ساياھەت قىلىشىمغا ئاشۇنداق تەكلىپلەردىن باشقا ھەرقانداق نەرسە توسالغۇ بولالمايتتى. مەن مىسىردىن چىققاندىن بېرى كونسۇل ياكى يېڭى تونۇشقان دوستلىرىم بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ كېلىۋاتاتتىم، شۇنداقتىمۇ مەن سامىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالمىدىم. چۈنكى، مەن ئۇنى ئاستىراق چۈشىنىشنى ئويلايتتىم، ئەگەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن چۈشىنىش ھاسىل قىلالىسام، ئافرىقىدا مۇھىم بىر نەرسىنى بايقىغان بولاتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتى ئىزدەپلا يۈرەتتىم.

مەن سامىنى قايتا ـ قايتا يالۋۇرتقاندىن كېيىن تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم. ئىككىمىز چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە مېھمانسارايدا ئۇچراشماقچى بولدۇق.

سامى ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ سورىدى.

— بىز كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى نەگە بارماقچى؟

— شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ كېلەرمەن، — دېدىم پەرۋاسىزلا.

ئۇ ئىككىلىسىنىش ئىچىدە ئېغىز ئاچتى:

— سەن باربدىغان يەر ...
ئۇ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، كېيىن زورىغا كۈلۈمسىرەپ قوشۇپ قويدى:
— سېنى يولدىن ئادىشىپ قالمىسۇن دەيمەنا.
مەن قىسقىلا جاۋاب بەردىم:
— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە.
ئۇ چىقىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم، خىيالىم بولسا ئۇنىڭ ئاخىرى چىقمىغان گېپىدە ئىدى.
ئۇ مەندىن يەرلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونغا باربدىغان - بارمايدىغانلىقىمنى سورىماقچىمىدۇ؟
بەلكىم.
ئۇ تۈنۈگۈن مېنىڭ بۇ رايوننى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىمنى رەت قىلغان، رەت قىلغاندىمۇ ئاچچىق بىلەن رەت قىلغانىدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇ يەرگە يالغۇز بېرىشىمنى خالىمىسا كېرەك.
نېمە ئۈچۈن؟
سىرلىق گۇمانلىق نۇقتا ئالدىمدا كېڭىيىشكە باشلىدى. لېكىن، بۇ سىرلىق ئىشنى ئويلاشتىن ئۆزۈمنى قەستەن قاچۇردۇم. مەن ئادەتتە گۇمانلىق تەرىپى بار ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارمايمەن، بىمارنىڭ ئۆز بايانى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ بايانلىرىنى تەھلىل قىلىشقا تەسىر يەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆز ئالدىمغا ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمايمەن، مۇنداق قىلىش روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ئۈچۈن پايدىلىق.
ئۇ كۈنى مەن خاتىرەمگە مۇنۇلارنى چۈشۈردۇم: «مەن سامىنىڭ بويىندا تىرناق ئىزى پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۇم، تۈنۈگۈن كەچ ئۇنىڭ بىلەن نېگىر قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش يۈز بەرگەن بولسا كېرەك.»
مەن كۆڭلەك، چاپان، ئىشتانلىرىمنى كىيدىم، بېشىمغا ستانلىي ئافرىقىغا ئېكسپېدىتسىيەگە كەلگەندە كىيگەن ئاق قالپاقتىن كىيدىم، پەسكە چۈشۈپ مېھمانسارايىنىڭ ئاشخانىسىدا

www.uyghurkitap.com

ناشتا قىلدىم، ئاندىن سىرتقا چىقىپ باماكو شەھىرىنىڭ كوچىلىرىنى ئىككىنچى قېتىم ئايلىنىشقا ماڭدىم.

مەن يەرلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونغا يېقىنلاشمىدىم.

مېنىڭ يەرلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايوننى شۇنداق ئايلىنىپ كەلگۈم بار ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم. بەلكىم سامىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىشقا بەكرەك بېرىلىپ كەتكەچكە، يەرلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاياغ بېسىشقا بولمايدىغان قورقۇنچلۇق، ئادەمگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان يەر دەپ قارىغان ياكى بولمىسا بۇ رايوننىڭ سىرىنى سامى ئارقىلىق ئاچماقچى بولغان بولسام كېرەك. ئىشىنىمەنكى، سامىنىڭ روھىي دۇنياسى ئىچىدە ئايلىنىش ئافرىقا ئورمانلىقىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئايلانغان بىلەن باراۋەر.

باماكو چەت ئەللىكلەر رايونىدىكى بىر يول مېنى نىگېر دەرياسىدىكى بىر كۆۋرۈككە ئېلىپ چىقتى. بۇ كۆۋرۈك نىل دەرياسىدىكى كۆۋرۈكتىن خېلى ئۇزۇن ئىدى. مەن كۆۋرۈك ئۈستىدە كېتىۋاتىمەن، نىگېر دەرياسىنىڭ سۈيى ئايىغىم ئاستىدا سۇرلۇك شارقىرىماقتا. ئۇنىڭ قارامتۇل دولقۇنلىرى قاقاس ئىككى قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، كىشىلەر كۆڭلىگە ۋەھىمە ۋە ئارىسالدىلىق ئۇرۇقلىرىنى چاچماقتا.

مەن ھەربىر قەدەم ئالغاندا گويا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىشقا يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قېلىۋاتاتتىم. پېشانەمدىن مونچاقتەك تەرلەر تەپچىرەشكە باشلىدى، تىنچىق نەم ھاۋا نەپەسىمنى قىساتتى، كۆڭلىكىم بەدىنىمگە چاپلىشىپ كەتكەن، خۇددى يېڭىلا يۇيۇپ ئۈستۈمگە يېپىپ قويغاندەك ئىدى. لېكىن، مەن ناھايىتى بەختلىك ئىدىم، ئۆزۈمنىڭ ئافرىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلالىغىنىم ئۈچۈن بەختلىك ئىدىم!

مەن كۆۋرۈك بېشىغا تەستە بارغىنىمدا، ئىككى پۇتۇم باشقۇرۇشۇمغا بويسۇنماي قويدى. ساياھەتچى ستانلېينىڭ ئوبرازى

كۆز ئالدىمدا ئەلەڭلەشكە باشلىدى. ئەگەر مەن ساياھەتچى ستانلىي بولغان بولسام، ئافرىقا بۇگۇنگە قەدەر بايقالمىغان بولاتتى !

كۆۋرۈكنىڭ سول تەرىپى دەريا قىرغىقى ئىدى، قىرغاقتا سىلىق، قاتتىق، ئادەمگە مىسكىنلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان قارا تاشلار يېيىلىپ ياتاتتى. قىرغاقنىڭ ئايغىدىكى بىر پارچە ئاق قۇملۇق قارا تاشلار بىلەن قورشاپ قويۇلغان، ئۇ يەردە بىر رەڭدار كۇنلۇك تىكلەكلىك تۇراتتى، قارىماققا كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچۇق شارىدەك كۆرۈنەتتى.

مەن سامىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەر نىگىر دەرياسىنىڭ بويىغا مەخسۇس ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر سۇغا چۆمۈلۈش مەيدانى ياساپتۇ، ئۇ مىئامىدىكى سۇغا چۆمۈلۈش مەيدانىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇ مىئامى سۇغا چۆمۈلۈش مەيدانىنى مىسىرنىڭ بىر ژۇرنىلىدىن كۆرگەنىكەن.

مەن كۆرۈۋاتقان بۇ سۇغا چۆمۈلۈش مەيدانى چوقۇم ئاق تەنلىكلەرنىڭ.

مەن ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

مەن ئۇبدانلا چارچىغانىدىم، ئەمدى كەينىمگە يانماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن، مېنى ئافرىقىغا ئېلىپ كەلگەن قۇدرەتلىك كۈچ ھارغىن پۇتلىرىمنى ئالدىغا سۆرىمەكتە ئىدى. قارا تاشلار ئۈستىدە يىقىلىپ ـ سۈرۈلۈپ دېگۈدەك تەستە كېتىۋاتىمەن.

مەن رەڭدار كۇنلۇك بار يەرگە تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپ، قارا تاشلار ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ئىككى نېگىر قىز سەكرەپ چىقتى. ئۇلار يالىڭاچ بەدىنىگە بىر پارچە ھۆل رەختنى ئارتىۋالغان، بىر تال ئېگىز كۆكسى رەختنىڭ ئۈستىدىن خاتىرجەم ماراپ تۇراتتى، ئۇ مەھكۇملۇقنى، قوياش نۇرىدىن ئۆزىنى دالدا قىلىشنى رەت قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئىككى قىز بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ خۇشال يۈگۈرەيتتى، كۈلكىلىرى

زىل، جاراڭلىق، قۇشقاچلارنىڭ سايرىشىنى ئەسلىتەتتى.
مەن ئورنۇمدا توختاپ، ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم. مەن خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە پاتماي كۆلۈمسىرىدىم. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئويناۋاتقانلىقىنى، كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولغاندىم.

ئىككى قىز مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئىككىسى قوللىرىنى تۇتۇشقىنىچە يەنە مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆلكىلىرى تاشلار ئۈستىگە قوندى، گويا مەرۋايىتلار قاشتېشى پەتنۇسىغا چۈشكەندەك. ئالدىدىكى قىز مېنىڭ ئالدىمدا توختىدى، قىلچە تارتىنىش يوق، ماڭا قىزىقىش ئىچىدە قارىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى چىرايىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ يەنە بىرى خۇددى كۆلكىسىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك، يەنە بىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى.

مەن قىزنىڭ دىڭگىيىپ تۇرغان كۆكسىگە قارىمىدىم، ئافرىقىغا كەلگىنىمگە ئۆزۈن بولمىغاچقا، ئۇنداق يەرلەرگە قاراشقا ئادەتلەنمىگەنىدىم.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم.

مەن ۋارقىرىۋەتتىم.

ئۇ دەل مەن ئاخشام فانى قەھۋەخانىسىدا كۆرگەن، سامى ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىپ قايتىدىن كەلمىگەن قىز ئىدى. ئۇ مېنى تونۇمىغاندەك قىلاتتى، تۇنۇگۈن مېنىڭ سامى بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىمغا دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئادەمدەك قاراپ كەتتى.

بۇ قىز فىرانسۇز تىلىنى ئاجايىپ غەلىتە سۆزلەيتتى، خۇددى بىر ئاق تەنلىك ئۇنىڭ كانىيىدا گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، ئارقىسىدىكى قىزنى ئالدىغا تارتىپ ماڭا ئېغىز ئاچتى:

— سىڭلىمنى سېتىۋالامسىز؟

مەن بۇ گەپتىن گاڭگىراپ قالدىم، بۇ چوقۇم مۇنداقلا دەپ

قويغان گەپ، چوقۇم چاقچاق قىلىۋاتىدۇ ياكى تەنە گەپ قىلغىنىمىكىن. لېكىن، تەنە گەپنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئىجتىمائىي ئادىتى بولىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ تەنە گېپى يەنە بىر جەمئىيەتنىڭ تەنە گېپىگە ئوخشىمايدۇ. قىزنىڭ بۇ چاقچىقى چوقۇم ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ قەدىمكى ئادىتىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

مەن بىر پەس تۇرۇپ قالدىم، ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىگە قارىدىم.

— ئۇ ناھايىتى ئەرزان، تۆت فىرانك بەرسىڭىزلا بولىدى، — دېدى ئۇ يەنە.

مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغۇم كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدىم:

— مېنىڭ سىزنى سېتىۋالغۇم بار.

ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭكىدەك زىل كۈلكە ئاۋازى تاشلار ئۈستىگە چېچىلىپ ئويناقشىدى. ئۇ شادىمان پەرىشتىنىڭ ئۆزى ئىدى.

— بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — مەن بەك قىممەت.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدىم مەن، — سىز نېمىشقا قىممەت؟

— چۈنكى مەن چوڭ، چىرايلىق، قاراڭ، — دېدى ئۇ.

ئۇ دوستىنىڭ يۈزىنى كۆرسەتتى، بەلكىم ئۇ راستىلا ئۇنىڭ سىڭلىسىدۇ. ئۇ قىزنىڭ بېشىنى ھەدەپ كۆتۈرەتتى، قىز بولسا كۈلگىنىچە ئۆزىنى قاچۇراتتى.

— ئوبدانراق قاراپ بېقىڭ، — دېدى قىز، — مەن ئۇنىڭدىن كۆپ چىرايلىق ئەمەسمۇ؟

مەن تولىمۇ ئوڭايسىزلاندىم، قىزلار بىلەن مۇنداق كۈلكە - چاقچاقلارنى قىلىشقا تازا ئېپىم يوق ئىدى. مەن ئەللىك ئىككى ياشقا بېرىپ قالغان ئادەم، مۇنداق سورۇنلارغا يېشىممۇ ماس كەلمەيتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ئېغىز ئاچتىم:

— مەن ھەرقانچە يۇقىرى باھادا بولسىمۇ سىزنى سېتىۋالماقچى.

ئۇ يەنە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— بار ۋەسلىگىزنى چىقارسىڭىزمۇ ماڭا چىقىش قىلالماسسىز مىكىن.

ئۇ سىڭلىسىنىڭ قولىنى تارتىپ كەتمەكچى بولدى.

— كەچۈرۈڭ، توختاپ تۇرۇڭ.

ئۇ ماڭا ھەيران بولغاندەك قارىدى، تەبەسسۇمى چىشلىرى ئۈستىدە، لەۋلىرى ئەتراپىدا قېتىپ قالغاندى.

— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — سورىدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىم:

— سىز بۈگۈن سامىنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭدىكى تەبەسسۇم بىراقلا يوقالدى.

ئۇنىڭ ئاپپاق چىشلىرى ئۆزىنى يوشۇردى.

ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئوچۇق كۆكسى تىترەپ كەتتى، خۇددى ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇ ماڭا خىيلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان نۇردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ماڭا غەزەپ ۋە نەپرىتىنى چېچىۋاتىدۇ. بۇ غەزەپ ۋە نەپرەت مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى.

كېيىن ئۇ سىڭلىسىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، گەپمۇ قىلماي يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆكسى لىغىرلاپ تۇراتتى. سىڭلىسى ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. قىز سامىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا خاپا بولۇپ كەتكەن بۇ ئىشتىن يېڭى بىر نەرسىنى بايقىغاندەك بولدۇم.

ئەسلىدە مەن، بۇ گەپنى سورىسام قىز نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن ئىككىسىنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق مۇناسىۋەتتۇ؟ پەقەت ئۆڭى ئوخشىمايدىغان قىز - يىگىتنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ياكى ئەر - خوتۇنمۇ؟ ئادەتتىكى دوستلاردىنمىدۇ ياكى يەنىمۇ چوڭقۇر مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

ئېنىقكى، مۇناسىۋىتى ئادەتتىكىچە ئەمەس.

لېكىن، مۇناسىۋىتى قايسى دەرىجىدە؟ ئۇنىڭ سىرى قەيەردە؟ بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

مەن تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ خىيالغا پاتتىم. نېگىر قىزنىڭ چىرايى كاللامغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ چىرايلىق ئىدى، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن كۆپ چىرايلىق ئىدى. ئافرىقىدىكى بۇ چىرايلارنى كېچىگە ئوخشىتىشقا بولاتتى، پەقەت كۆزلىرىڭ ئۇنىڭغا كۆنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى كۆرەلەيتتىڭ. سەن كېچىدە نەرسىنى ئېنىق كۆرەلىگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۈزەللىكنى بايقىيالايسەن. ئوخشاشلا، سېنىڭ كۆزۈڭ كۆنۈۋالغاندىن كېيىن نېگىرلارنىڭ چىرايى ئاق تەنلىكلەرنىڭ چىرايىدىنمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.

مەن رەڭدار كۈنلۈك تىكلەنگەن ئاق تەنلىكلەر سۇ چۆمۈلۈش مەيدانىغا قارىدىم، ئارىلىق خېلى بار ئىدى. مەن سائىتىمگە قارىدىم. ئاپلا ! سائەت ئون ئىككى بولۇپ كېتىپتۇ. توختىماي ماڭغىنىمغا ئۈچ سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت بوپتۇ. ئەگەر پىيادە قايتسام سامى بىلەن دېيىشىپ قويغان ۋاقىتقا ئۈلگۈرەلمەيتتىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، قەدەملىرىمنى ئىتتىك - ئىتتىك ئېلىپ نىگېر كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلدىم ۋە كۆۋرۈكنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ساقلاپ تۇردۇم. بىرەر ماشىنا ياكى پەيتون ئۇچراپ قالسا، سامى بىلەن دېيىشكەن ۋاقىتتا مېھمانسارايغا بېرىۋالماقچىدىم.

يوُك ماشىنىسى ھەيدىگەن بىر نېگىر كېلىۋاتاتتى. مەن قول پۇلاڭلاتسام ئۇ توختىدى. مەن ئۇنىڭغا مېنى مېھمانسارايغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتىم، گېپىمنى ئۇقتۇرالماي، مېھمانسارايىنىڭ ئىسمىنى قايتا - قايتا ئېيتتىم. ئۇ ئاخىر مەقسىتىمنى چۈشەنگەن بولدى ۋە ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ كۆزۈم ئالدىدا پۇلاڭلاتتى. چۈشەندىم، ئۇ ئاپىرىپ قويغان ھەققىگە ئىككى فىرانك تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم.

ئۇ يول بويى يەرلىك تىلدا توختىماي سۆزلەپ ماڭدى، مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، لېكىن ئۇ گەپلىرىنى بىزارلىق ۋە ئاچچىق بىلەن توختىماي تەكرارلايتتى. كېيىن ئۇ فىرانسۇز تىلىدا تەكرارلىدى:

— يامغۇر، يامغۇر، يامغۇر!

ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ رولىنى ھەدەپ ئۇراتتى، ئاغزىدا بولسا يەنە شۇ گەپ:

— يامغۇر، يامغۇر، يامغۇر!

ئۇ گەپلىرىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي ئولتۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى قان ئاداپ كەتكەنىدى.

ئۇ ماڭا ئاچچىقلىنىۋاتقاندەك ۋارقىرىدى:

— سەن يامغۇرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ مېنىڭ ئىشتىن توختايدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ! يامغۇر بارلىق يوللارنى بۇزۇۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا ماشىنا غوجايىنىغا كىرىكىم قالمايدۇ. مەن ئاچ قالىمەن، بالىلىرىممۇ ئاچ قالىدۇ. ئاچ قالىدىغان كۈنلەر يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا يېتىپ كېلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرمىدىم، خاتا جاۋاب بېرىپ قويسام، ئۇنىڭ نېرۋىسى تېخىمۇ ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ رولنى ئۇرۇپ، گىپىنى يەنە تەكرارلىدى:
— يامغۇر، يامغۇر، يامغۇر !
مەن ئۇنىڭ يېنىدا چىڭگىدە ئولتۇرىمەن، قورقۇنچلىرىمنى ئىچىمگە يوشۇرۇپ ئولتۇرىمەن، يامغۇر پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئاچارچىلىق پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ماشىنىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن، ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن، مېنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ ئولتۇرىمەن.
مەن مېھمانسارايغا يېقىن قالغاندا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدىم.
قارىسام سامى سىرتتىكى پەلەمپەيدە مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەيرانلىق ھەم گۇمان نەزىرىدە ماڭا قارىدى، خۇددى سوراققا تارتىۋاتقان تەلەپپۇزدا سورىدى:
— دوختۇر، نەلەرگە باردىڭ؟
— كۆۋرۈككە بېرىپ كەلدىم، — دېدىم مەن.
ئۇ چىرايىمغا ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:
— بىرەر يېڭى نەرسە ئۇچراتتىڭمۇ؟
يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىم چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:
— نەدىكىنى دەيسەن، يەنە شۇ تونۇگۇن كۆرگەنلىرىمىز، يولدىن ئادىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۈزۈك بىر يەرگىمۇ بارالمىدىم.
سامى خاتىرجەم بولغاندەك بولدى.
— ئەمدى بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى.
— ئازراق ئارام ئېلىۋالساق بولمامدۇ؟ — سورىدىم مەن.
— بولمايدۇ، بولمايدۇ، ئىنىم سالىم بىزنى ساقلاۋاتىدۇ.
ئۇ خۇددى ئىنىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ شەخستەك، ئۇنى ساقلىتىپ قويۇشقا بولمايدىغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

مەن رايىشلىق بىلەن مۇرەمنى ئېتىپ قويدۇم.

ئىككىمىز يۈرۈپ كەتتۇق.

سامى بىر كىچىك بىنانىڭ بىر يۈرۈش ئۆيىدە ئولتۇرىدىكەن. بىنا ئۈچ قەۋەتلىك، بىرىنچى قەۋىتى ماگىزىن ئىكەن. ماگىزىندا ئۇششاق - چۇششەك زاپچاسلار، رەخت، ئۇن، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كەمپۈت - پىرەنىك دەمسەن، ئىشقىلىپ توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە بار ئىكەن.

سامىنىڭ ئۆيىگە ماگىزىنىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىكى پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولاتتى.

باماكودىكى ھەممە بىنانى لىۋان، سۈرىيە مۇھاجىرلىرى سالغان. بارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ئۇلار قۇرۇلۇشچىلار دەپ ئاتالغان، قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە ئۆي سالىدۇ. قارىغاندا ئۆي سېلىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى مۇھاجىرلار ئۆزلىرى چىقىرىدىغاندەك قىلاتتى. ھەممە بىنالار، بولۇپمۇ كونا بىنالار ناھايىتى غەلىتە لايىھەلەنگەن، ئادەم قانداق كىرىشنى، كىرىۋالغاندىن كېيىن قانداق چىقىشنى بىلەلمەي كېتەتتى. سامى مېنى ماگىزىنىنىڭ ئارقىسىغا باشلاپ ئۆتتى، ئىككىمىز پەلەمپەي بىلەن يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدۇق. پەلەمپەي بىر يەرگە بارغاندا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىز پەلەمپەيدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن كارىدوردا كېتىۋېتىپ يەنە بىر يەردە ئايلاندۇق. مەن بۇ ئايلىنىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم. بىز ئاخىر بىر ئىشىكتىن كىردۇق، ئۇ ئاشخانا ئۆي ئىدى، ئۇچىسىغا كالتە ئىشتاندىن باشقا نەرسە كىيمىگەن بىر يەرلىك يىگىت ئاشخانىدا يۈرەتتى. بىز ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىققاندا، ئۆزۈمنى مېھمانخانىدا كۆردۈم.

سامىنىڭ ئىنىسى سالىم مېنى ئۇ يەردە كۈتۈۋالدى!

سالىمنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم، ئۇ راستلا سامىدىن كىچىك ئىدى، لېكىن سامىنىڭ ئۇكىسى توغرۇلۇق سۆزلىگەندىكى ھالىتىگە قاراپ، سالىم چوقۇم سامىدىن چوڭ، سالىم بۇ

ئائىلىنىڭ غوجايىنى بولسا كىرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. شۇ تاپتا ئالدىمدا تۇرغان سالىم ناھايىتى كىچىك، يېشى يىگىرمە بەشتىن ئۈستۈن ئەمەس ئىدى.

جۇغى كىچىك بولسىمۇ، ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ غوجايىنىدەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ چىرايى سۇرلۇك، كۆزلىرىدىن كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كۈلمەيتتى، چىرايىدىن كۈلكە دىدارىنى تاپقىلى بولمايتتى.

مەن دەرھال شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: سالىم بۇ ئائىلىنىڭ كىرىم ـ چىقىمىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىكەن. ئۇ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغانىكەن، چوقۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە سامىنى ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇپ قويغان.

سالىم مېنى ئوتتۇرىدىكى سافاغا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى. سامى ئۇكىسىنىڭ ئالدىدا كەمتەرلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك، بىزدىن خېلىلا نېرىدىكى بىر ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى.

بىز ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭلىشىشقا باشلىدۇق. سالىم، باماكودا خىزمەت قىلماق بەكمۇ تەس، دەپ بىرمۇنچە قاقشىدى. ئۇ داكار، كوناكرى ۋە باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى مۇھاجىرلارغا بەكلا ھەۋەس قىلىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، خىزمىتىنىڭ تەسلىكىنى تەكىتلەۋاتاتتى.

يان ئىشىك ئېچىلىپ، بىر ئاق تەنلىك قىز كىرىپ كەلدى.

سالىم ئورنىدا ئولتۇرغىنىچە قىزنى كۆرسىتىپ، كەمسىتىش تەلەپپۇزىدا:

— ئۇ ھەدەم سامىيە بولىدۇ، — دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سامىيە بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم. ئۇ ناھايىتى ئاجىز، چىرايى تاتىراڭغۇ، مەڭزلىرىدىن

ئازراقمۇ قىزىللىق تاپقىلى بولمايتتى، پېشانە ۋە كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى قويۇق قورۇق باسقانىدى. ئەگەر كۆزلىرىدە ياشلىق باھارىنىڭ شۇنچىكىم ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالمىغان بولسا، ئۇنى قېرى مومايدىن پەرقلەندۈرۈش تەس ئىدى.

سامىيە خېلىلا نېرىدىكى يەنە بىر ئورۇندۇقتا سامىغا يۈزمۇيۈز ئولتۇردى. ئۇ بېشىنى يەردىن ئالمايتتى، قوللىرىنى تىزىغا قويۇۋالغانىدى.

مەن سالىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئېغىز ئاچتىم:

— سامى، سالىم، سامىيە، سىلەرنىڭ داداڭلار «سا» دېگەن ھەرپلەرنى قۇتلۇق بىلسە كېرەك.

سالىم دادىسىنى تىلغا ئالغانلىقىمدىن تېرىككەن بولسا كېرەك، بىزار بولغاندەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئېغىز ئاچتى:

— دادامنىڭ «سا» ھەرپلىرىگە شۇنچىلىك مۇھەببىتى باركى، ئۇ موفلىسا (ۋەيران بولۇش) بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى، بىزنى مۇشۇنداق تاشلاپ كەتتى، ھازىر بىزنىڭ بولكا ئالغۇدەكمۇ پۇلىمىز يوق.

سامى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىنىسىغا قارىدى، كۆزلىرىدىن غەزەپ نۇرلىرى چاقنايتتى. سالىم ئۇنىڭغا بەكرەك ئالىيىشلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. سامى دەرھال كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەپقېچىپ، بېشىنى يەرگە قىلىۋالدى. ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك، ئىچىدىكى قانداقتۇر بىرنەرسە ۋەيران بولۇپ كەتكەندەك، بېشىنى چايقاپ قويدى.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتىم.

كېيىن ئوتتۇرىدىكى ئوڭايسىز كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، سالىمغا قاراپ ئېغىز ئاچتىم:

— قارىسام سەن سامىدىن كىچىك ئىكەنسەن.

سالىم سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، مۈرىسىنى ئىتتىپ قويدى.

— شۇنداق، دوختۇر، — دېدى ئۇ، — مەن بالىلارنىڭ ئەڭ

كىچىكى، سامىدىن كىچىك، سامىيەدىنمۇ كىچىك.

مەن سامىغا قاراپ سورىدىم:

— سامى، راست شۇنداقمۇ؟

سامى ئۈن - تىنسىز بېشىنى لىڭشىتتى.

سالىم ئاكىسىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن تىزىنى شاپىلاقلاپ ماڭا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ جانابلىرى ئەدەبىياتچى، ئۇلۇغ ئەدەبىياتچى !

سامى يەنىلا جىمجىت ئولتۇراتتى.

سامىيەنىڭ بېشى يەردە، قوللىرى يەنىلا تىزى ئۈستىدە ئىدى.

پاراڭ سالىم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتاتتى، كېيىن سالىم تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى:

— بۇ ھايۋان تاماقنى نېمىشقا ھازىرغىچە تەييار قىلىپ بولالمايدۇ !

كېيىن ئۇ ماڭا قاراپ:

— كەچۈر، — دەپ قويدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئېنىقكى، ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ ھېلىقى «ھايۋان»نىڭ تاماق ئېتىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ كىرمەكچى.

سالىم چىقىپ كېتىشىگە، سامى بېشىنى كۆتۈردى، چىرايىدا غەزەپ، ئاستا ئېغىز ئاچتى:

— دادام ۋەيران بولغىنىدىن ئۆلگەن ئەمەس، ئۇ مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى ئەڭ داڭلىق شائىر ئىدى. لىۋان ژۇرناللىرىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ لىۋاندا بىر ئەدەبىي ژۇرنال تەسىس قىلغان. ئۇ ئۇلۇغ ئادەم، لېكىن ئىنىم ئۇنىڭغا ئۆچ، ئەزەلدىن ئۆچ ئىدى. ماڭا ئىشەن، دادام ئۇلۇغ ئادەم ئىدى. مەن ساڭا ئۇنىڭ سۈرىتى ۋە شېئىرلىرى بېسىلغان لىۋان ژۇرنىلىنى كۆرسىتىمەن !

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كونا

ئىشكاپىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنى ئاچماقچى بولدى.

سامىيە ئورنىدىن تۇرۇپ مەن تەرەپكە كەلدى، ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىۋاتقاندەك ئاۋاز چىقارماي ماڭاتتى. ئۇ ماڭا بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغاندەك پەس ئاۋازدا سورىدى:

— سىز لىۋانغا بېرىپ باققانمۇ؟

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، بەلكىم ئۇنىڭ سىرىنى بىلەلەرمەن.

— بارغان، نۇرغۇن قېتىم بارغان، — دېدىم مەن.

— مەنمۇ لىۋانغا بارغان، ئۇ يەردە ئۇچ ئاي تۇرغان، — دېدى ئۇ يەنىلا پەس ئاۋازدا، — ئۇلار لىۋاندا مېنىڭ دادامغا زىياپەت قىلىپ بەرگەن، يەنە ... ئۇ چاغدا ئون ياشتا ئىدىم.

سامىيە ئون يېشىدا لىۋانغا بارغانلىقىنى سۆزلەۋاتقاندا ئارىلىقتا توختاپ قالدى، ئۇ يەرنى سېغىنغاندەكمۇ قىلمايتتى، خۇددى تونۇگۇن يۈز بەرگەن ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك، ئون يېشىدا كۆرگەن نەرسىلەرنى راستلا ئېسىدە ساقلاۋاتقاندەك ياكى بولمىسا ھازىرمۇ ئون ياشتىدەك ئىدى.

سامىيە لىۋان توغرىسىدىكى گەپنى تۇيۇقسىز يۆتكەپ، پەس ئاۋازدا سورىدى:

— سىز ئابدۇۋەھاب[①]نى تونۇمسىز؟

ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزگە سەزدۇرمەسلىك ئۇچۈن، مەنمۇ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردىم:

— ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم.

— ئۇ مېنىڭ دادامنىڭ ئاغىنىسى، — دېدى ئۇ، — سىز لەيلا مۇراد[②]نى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، — دېدىم مەن.

— ئۇ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

---

① ئابدۇۋەھاب — مىسىرنىڭ داڭلىق ئەر ناخشىچىسى.

② لەيلا مۇراد — مىسىرنىڭ داڭلىق ئايال ناخشىچىسى.

ئـۇ ئارتۇق گەپ قـىلمـىـدى. ئۇ بۇ گـەپـنى ئارقـىـلىق مـاڭـا ناھايىتى مۇھىم بىر خەۋەرنى — لەيلا مۇرادنىڭ ھازىـرمۇ ناخشـا ئېيتىـۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك ئىدى!

تۇيۇقسىـز، ئاشخـانا تەرەپتىـن كۆچلـۈك شاپىـلاق ئـاۋازى ۋە سالـىمنىـڭ مەن چۈشەنـمەيدىغـان تىلـدا ۋارقـىراۋاتقـان ئـاۋازى ئاڭلاندى.

سامىـيەنىڭ چـىرايىنـى ۋەھىمە بـاستى. ئۇ ئـاۋاز چىقارمـاي مېڭىپ بېرىپ ئورنىدا ئولتۇردى، بېشى يەردە، قوللىرىنى تىـزى ئۈستىگە قويدى.

سامى بولسا ئۆزى ئاچماقچى بولغان ئىشكاپ ئالدىدا تىككىـدە تـۇراتتى، كۆزلـىـرى ئەنسىـزلىك بىـلەن تولـغـان، يۈزىدىكـى مۇسكۇللار تارتىشىپ، نەپەسى جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى:

— ئۇ ئۇنى ئۇرۇۋاتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇشى. ئۇ ئۇنـى ئۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇ ئورنىدا تۇراتتى، مۇشتۇمى ئىشكاپنىڭ قىرىغا تىرەلگەن، پۈتۈن بەدىنىـگە تىتـرەك ئولىشـىپ كەتكـەنىدى. ئۇ قـارشىلىـق كۆرسىتىـۋاتقانـدەك، بىر خـىل كۈچلۈك، رەھىـمسىـز نەرسىگـە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك ئىدى.

سالىم يېنىمىزغا قايتىپ كىردى.

— كەچۈرگىن، دوختۇر، — دېدى ئۇ، — بۇ ھايۋان ئۆزىنىڭ ھايۋان ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئويلاپ باقمامسەن، ئەگەر مەن پاكىزرەك بىر نەرسە يەي دېسەم، تاماقنى ئۆزۈم قىلسام بولىدۇ.

ئاندىن ئۇ ئاكىسى سامىغا دىققەت قىلىـپ قالدى، سـامىنىـڭ ئىشكاپ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلدى، ئۇ سامىغا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىشقا ئادەتلىنىـپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— ئۇنداق ئۆرە تۇرۇۋالماي ئولتۇرمامسەن!

سامى ياۋاشلىق بىلەن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

www.uyghurkitap.com

سالىم مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، گېپىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا دېدى:

— ئاكامنىڭ دېيىشىچە سەن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىكەنسەن. بۇ سېنىڭ روھىي كېسەللىكلەرنى ساقايتالايدىغانلىقىڭدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

مەن بۇ يەردە بىرەر نەرسە دىققىتىمنى تارتمىغاندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە جاۋاب بەردىم:

— ھەرقانداق روھىي كېسەللىكنى ئەمەس.

ئۇ چۈشەنمىگەندەك ماڭا قاراپ سورىدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

مەن چۈشەندۈردۈم:

— روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ھەر خىل دوختۇرلار ئىچىدە بىمارنى ساقايتالمايدىغان بىردىنبىر دوختۇر. ئۇ پەقەت بىمارلارنىڭ ساقىيىشىغا ياردەم قىلالايدۇ، خالاس.

ئۇ يەنە چۈشەنمىگەندەك ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن بىر خىل تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ھەدىسى سامىيەگە قارىدى، ئارقىدىن ماڭا يەنە قاراپ تۇيۇقسىزلا سورىدى:

— سەن ئۇمم كۇلسۇم①نىڭ ناخشىلىرىنى ياقتۇرامسەن.

سامىيە تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىدىن قورقۇنچ ۋە ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

سامى تۇيۇقسىز غەزەپ بىلەن سۆز قاتتى:

— ياق، ياق ! ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشىلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ !

سالىم ئۇنىڭغا قاتتىق ئالىيىپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋارقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم !

سامى گەپ قىلمىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنى

---

① ئۇمم كۇلسۇم — پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىغا مەشھۇر مىسىرلىق ئايال ناخشىچى.

باساتتى.
سامىيە ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى، سالىم ئەمدى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— ئورنۇڭدا جىم ئولتۇر !
سامىيە تاتىراڭغۇ قوللىرىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ يېلىندى:
— ئۇكام، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆتۈنۈپ قالاي، سالىم سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي !
سالىم ئۇنىڭغا يەنە ۋارقىرىدى:
— جىم ئولتۇر !
ئاندىن سالىم ئورنىدىن تۇردى، يانچۇقىدىن بىر توپ ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشكاپنى ئاچتى. بۇ سامى ئاچماقچى بولغان بايىقى ئىشكاپ ئىدى. ئۇ ئىشكاپتىن بىر پاتېفون تەخسىسىنى ئېلىپ، ئۇنى ناھايىتى كونا بىر پاتېفوننىڭ ئۈستىگە قويدى.
سامىيە تىترەپ تۇراتتى.
ئۇمىم كۆلسۈمنىڭ ناخشىسى ئۆي ئىچىدە ياڭراشقا باشلىدى:
«ئامالسىز مەن ئۆزۈمنى قايىل قىلىشقا.»
سامىيە ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تورۇسقا ھاڭۋاقتىلاردەك قارىدى.
سامى تېخىچە بىر قولىدا يەنە بىر قولىنى بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.
سالىم ھەدىسىگە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قارىدى.
سامىيەنىڭ كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدىن دومىلاپ چۈشتى.
مەن ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم. خۇددى مىكروسكوپتا كۆرگەندەك، سامىيەنىڭ ياشلىرىنىڭ مارجاندەك تىزىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
ئۇم كۆلسۈمنىڭ ناخشىسى ياڭرىماقتا، ناخشا گويا سامىيەنىڭ ئىككى مەڭزىگە ياش تۆكۈۋاتقاندەك ئىدى. سامىيە توختىماي ئۆكسۈمەكتە، بىر چاغدا ئۆكسۈش رەسمىي ئۈن سېلىپ يىغلاشقا ئۆزگەردى. ئۇ جالاقلاپ تىترەيتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ۋارقىراشقا

باشلىدى.

ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا قارىسا، يۈرىكى ۋارقىراش بىلەن تەڭ ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك بىلىنەتتى.

ئۇ يۈگۈرۈپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئىشىكايىقا پۇتلىشىپ يىقىلدى.

سالىم پاتېفوننى ئېتىۋەتتى.

ئۇ ماڭا ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

مەن خۇددى بۇ ئىشلار قىلچە دىققىتىمنى تارتمىغاندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ پەرۋاسىزلا سورىدىم:

— سامىيە خانقىزغا نېمە بولدى؟

سالىم ماڭا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدى، ئۇ مېنىڭ پەرۋاسىزلىقىمدىن گاڭگىراپ قالغانىدى.

— مېنىڭ ساڭا بىلدۈرمەكچى بولغىنىم مۇشۇ، سەن دېگەن دوختۇر.

مەن چىرايىمغا سەل كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئېغىز ئاچتىم:

— مەن ئارام ئېلىۋاتقان دوختۇر. ئەگەر سامىيە خانقىزدا قانداقتۇر غەيرىي ئەھۋال بولسا، مېنىڭ داۋالىشىمدىن ئۈمىد كۈتمە.

ئۇ ماڭا ئاچچىق بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ ئاغزى بۇيرۇققا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

— بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى تاماق يەيلى.

ئاندىن ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ئاشپەزنى ۋارقىرىدى:

— مەھمۇد!

مەھمۇد قورۇمىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، مېھمانخانىدىكى كونا ياغاچ ئۈستەلگە تىزدى.

ھەممىسى لىۋان قورۇمىلىرى: تالىبۇ①، گۆش كۆمىلچى،

① تالبۇ — لىۋان قورۇمىسى، گۈرۈچنى ئېزىپ، گۆش، پەمىدۇر ۋە سامساقلار بىلەن پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

سالات.
بىز ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق.
— مەن بۇ ھايۋانغا لىۋان قورۇمىلىرىنى تەييارلاشنى ئۆگىنىپ باقتىم، لېكىن قاملاشتۇرالمىدى، — دېدى سالىم، — ھايۋاننىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى.
ئۇ تالبۇدىن بىر قوشۇق ئېلىپ يەپ باقتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەھمۇدنى فىرانسۇز تىلىدا بىرمۇنچە تىللىۋەتتى.
سامى ئۇستەلنى مۇشتلىدى، ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى، ئۇكىسىغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— بولدى قىل، تىللاۋېرەمسەن! ئۇنى ھايۋان قىلىۋەتكەن ئۆزۈڭغۇ!
سالىم ئاكىسىنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ئۈندىمىدى.
ئۇ تالبۇ قورۇمىسىغا ئىككىنچى قېتىم قوشۇق سېلىۋېتىپ:
— بولدى، گەپ قىلما، — دېدى.
سامى ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىم بولدى.
مەن تاماقنى تېزلا يەپ بولدۇم. بۇ خىل كۆڭۈلسىز كەيپىيات مېنى چارچاتقانىدى، ئۆزۈم روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالغانىدىم.
مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭدىم.
سالىم مېنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ سورىدى:
— سەن بىلەن قاچان كۆرۈشەلەيمەن؟ مەن ساڭا موھتاج.
مەن سوغۇقلا جاۋاب بەردىم:
— مەن چۈشكەن مېھمانسارايغا بېرىپ ئالاقىلەشسەڭ بولىدۇ. بىز بىر ۋاقىتنى دېيىشىۋالساق بولىدۇ.
ئۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ خوشلاشتىم، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بۇ مۇھىتتىن بالدۇرراق كېتىشكە جېنىم ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.
سامى ماڭا ھەمراھ بولۇپ مېھمانسارايغىچە بىللە باردى.

ئۇ يول بويى پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ، بىر ئېغىز گەپ قىلماي ماڭدى.

مەن ئۇنىڭغا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاراپ قوياتتىم. ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىچىم ئاغرىدى، لېكىن ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى خالىمايتتىم.

بىز مېھمانسارايغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— ناھايىتى خىجىلمەن! بىزنىڭ تەكلىپىمىز سىزنى بەك ھاردۇرۇۋەتتى.

— ياق، مەن ۋاقىتنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۈم، — دېدىم مەن، — لېكىن چارچىغىنىم راست.

— مەن كەچتە كەلسەم بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئىككىلىنىش ئىچىدە، — ئادەتتە باماكونىڭ كېچىسى ناھايىتى گۈزەل بولىدۇ.

— ئەمىسە كېلىشتۇق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — كەچ سائەت سەككىزدە يېنىمغا كەلگىن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ياتىقىمغا قايتىپ كىردىم.

ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولۇپ قالغان مەزگىل ئىدى. مەن ھەقىقەتەن چارچىغانىدىم. مەن كۆندىلىك خاتىرەمگە كۆزقاراشلىرىمنى تىزكەپ قويماقچى بولدۇم ـ يۇ، لېكىن خۇشياقمىدى.

مەن ئۇخلاپ قالدىم.

مەن سائەت يەتتىدە ئويغاندىم. كىيىملىرىمنى رەتلىك كىيىپ، پەسكە چۈشۈپ چاي ئىچكەچ سامىنى ساقلاشقا باشلىدىم.

سائەت سەككىزدىن ئۆتتى، سامى كەلمىدى. سائەت توققۇز بولدى، ئۇ يەنىلا كەلمىدى.

سائەت ئونمۇ بولدى، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى.

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

مەن كۈلۈپ قويدۇم. چۈنكى، سامى بىلەن ھەقىقەتەن

كۆرۈشكۈم بار ئىدى، ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن ساقلاۋاتاتتىم، ئافرىقىنىڭ بىر سىرىنى ئېچىشقا چىن كۆڭلۈمدىن تەشنا ئىدىم. ئۇ دېيىشىپ قويغان ۋاقىتتا ئەمەل قىلمىدى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىقى. مەن ئۇنى بىر شىر دەپ بىلەتتىم، ئۇنى قاپقانغا چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئۇ مەن بىلەن ئوينىشىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن كۈلۈپ قويدۇم.

ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ياتىقىمغا قايتىپ كىردىم. قولۇمغا بىر كىتابنى ئالدىم. لېكىن، ئۇنى ئەمدىلا بىرنەچچە بەت ئۇقۇپ تۇرۇشۇمغا، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى.

چوقۇم سامى.

مەن سائىتىمگە قارىدىم، ئون بىر يېرىم بوپتۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم.

كەلگەن ئادەم سامى ئەمەس، سالىم ئىدى.

سالىم ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى:

— دوختۇر، ئاكام، ئاكام سامى ساراڭ بولۇپ قالدى، ساراڭ بولۇپ قالدى! دوختۇر، بىزگە ياردەم قىلساڭ!

مەن سالىمدىن سورىدىم:

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

— مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ئۇ، — ئۆزۈڭ بېرىپ كۆرۈپ باق، ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن بىلەن ماڭغىن!

— نەگە؟ — سورىدىم مەن.

— ئاۋۇ تەرەپكە، ئۇ يېقىنلا يەردىكى ئورمانىنىڭ ئىچىدە. ئۇ ساراڭ بوپتۇ، ساراڭ بوپتۇ!

مەن سالىمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم، يەنە كەينىمگە قايتىپ كىچىك دوختۇر ساندۇقۇمنى ئالدىم.

ئىككىمىز سىرتقا چىقتۇق. سالىم يېنىمدا توختىماي ۋارقىرايتتى:

— ئۇ ساراڭ بوپتۇ، ساراڭ بوپتۇ!

www.uyghurkitap.com

## 3

سالىم فىرانسىيەنىڭ كونا پاسونىدىكى «پورزوي»[1] ماركىلىق ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىغا سەكرەپ چىقتى ۋە ۋارقىرىدى:

— دوختۇر، تېز بولغىن ! ئۆتۈنۈپ قالاي، تېز ! ئەھۋال ئېغىر !

مەن ماشىنىغا چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇ ماشىنىنى شامالدەك ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ماشىنا ئىشىكىدىكى توغرا تۆمۈرنى ئىككى قولۇمدا چىڭگىدە تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن ئۇنىڭغا ئاستىراق ھەيدەشنى ئېيتمىدىم، ئېيتساممۇ بىكار ئىكەنلىكى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

مەن ئۇنىڭ رايىغا باقمىسام بولمايدۇ. مەن ئافرىقىنىڭ يۈرىكى بولغان باماكودا تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان بۇ غەلىتە ئائىلە توغرۇلۇق بارلىق يىپ ئۇچىنى كاللامدىن ئاختۇرۇشقا باشلىدىم.

سامى ئىنىسىنىڭ ئالدىدا بېشىنى ھەرقاچان يەردىن ئالمايدۇ، ئىنىسىغا ئاۋازلىقراق گەپ قىلالمايدۇ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايدۇ؛ يەرلىك نېگىرلارنىڭ گېپى بولسىلا سامى ھاياجانلىنىدۇ، غەلىتە، زىددىيەتلىك، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

سامىيە ئون يېشىدا لىۋانغا بارغان چېغىدىكى ئەسلىمە ئىچىدە ياشاۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆمىر كۈلىسۇمنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئاۋۋال يىغلايدۇ، ئارقىدىن سەۋدايىلارچە ۋارقىرايدۇ.

بالىلارنىڭ كىچىكى سالىم ئەستايىدىل، كەسكىن، قارىماققا بىر ئاز رەھىمسىز كۆرۈنىدۇ، ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. ئۇ ئاكىسىغا بويسۇنمايدۇ، ھەدىسىنىڭ ئىرادىسىگىمۇ بويسۇنمايدۇ،

---

[1] پورزوي — فىرانسىيەدىكى ئۇچ داڭلىق ماركىنىڭ بىرى.

نېگىر خىزمەتچىسىنى رەھىمسىزلەرچە ئۇرىدۇ، تىللايدۇ.

ئۇلارنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن قاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. سالىم ئۇنى ۋەيران بولغان دەيدۇ؛ سامى ئۇنى ئۇلۇغ سەخس، ئۇلۇغ يازغۇچى، لىۋان ژۇرناللىرىدا سۈرىتى بېسىلغان، دەپ پەخىرلىنىدۇ.

مەن بۇ يىپ ئۇچلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلىيالمىدىم. مېنىڭ ھازىرچە بۇلاردىن بىرەر خۇلاسە چىقارغۇم يوق.

مەن يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىشنى ساقلاۋاتىمەن، بۇ ئائىلىنىڭ سىرىنى ئېچىشىمغا ئۇنىڭ ياردىمى تېگىشى مۇمكىن. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ مېنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم بايقىمىغان ئافرىقىنىڭ بىر سىرى.

سالىم ماشىنىنى شامالدەك ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ.

مەن ماشىنا ئىشىكىدىكى توغرا تۆمۈرنى يەنىلا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئولتۇرىمەن.

بىز باماكو شەھىرىدىكى چەت ئەللىكلەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن يولدىن ئۆتۈپ، نىگېر دەرياسىدىكى ئۇزۇن كۆۋرۈككە ياماشتۇق. كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن تۈز يول تۈگىدى. ماشىنا ئوي ـ دوڭغۇل يولدا جالاقلاپ مېڭىشقا باشلىدى. ئوي ـ چوڭقۇر يەرلەر ماشىنىنىڭ چىراغ نۇرىدا خۇددى غايەت زور غەلۋىرنىڭ كۆزلىرىدەك كۆرۈنەتتى.

بارلىق ئاۋات مەنزىرىلەر كۆزدىن غايىب بولدى.

بىز ئەمدى ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق.

يول بويىدىكى دەرەخلەر قاراڭغۇ كېچىدە خۇددى قارا ئەرۋاھتەك ئىرغاڭلاپ، ساڭا يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. نەم ھاۋا بارغانسېرى دېمىمنى سىقىشقا باشلىدى. دەرەخ ئۇچلىرىدا قۇشلارنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كۆككە تارقاپ كېتەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بىر خىل بوغۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالاتتى، ئاڭلىماققا ئادەمنىڭ خورەك ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى، بۇ ئاۋازنىڭ قەيەردىن

كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، نېمىتىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئىچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. بىرەر شىرغا ياكى بىرتوپ پىلغا ئۇچراپ قالىدىغاندەك ياكى بىرەر يىلپىز ئالدىمىزدىن سەكرەپ چىقىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدىم. مەن قايرىلىپ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا قارىدىم، ئەگەر سالىم مىلتىق ئېلىۋالغان بولسا كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشكەن بولاتتى، لېكىن ماشىنىدا، نە مىلتىق، نە باشقا قورال يوق ئىدى.

ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىغان سىرلىق ۋەھىمە ئىچىدە، مەن سامىنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇدۇم، سالىمنىمۇ ئۇنتۇدۇم.

لېكىن، مېنىڭ ۋەزىپەم كاللامنى سەگەكلەشتۈردى. مەن سالىمدىن تۇيۇقسىز سورىدىم:

— سامى بۇ ئورماندا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

سالىم جىددىي يوسۇندا جاۋاب قايتۇردى:

— هازىرلا كۆرىسەن، ئۇ ساراڭ بولۇپ قالدى، ساراڭ بولۇپ قالدى!

ئاندىن ئۇ جىمىپ كەتتى، ئۇ ماشىنا چىرىغى يورۇتۇپ تۇرغان يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي كېتىۋاتاتتى.

ئورماننىڭ سۈرلۈك مەنزىرىسى ماڭا يەنە هۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

بىرپەستىن كېيىن مەن ئىچىمدىكى ۋەھىمىنى قوغلاش ئۈچۈن، سالىمدىن يەنە سورىدىم:

— بۇ ئورماندا ياۋايى هايۋانلار بارمۇ؟

ئۇ يەنىلا كەسكىن تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:

— ئۇ يەردە بىر خىل قارغىش تەگكۈر ئادەملەر بار، ياۋايى هايۋاندىنمۇ ۋەھشىي!

ئۇ يەنە جىممىدە بولۇپ، ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىغا قاراپ ماڭدى، ماشىنا ئوي - دوڭغۇل يولدا قېقىلىپ - سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى، بىز خۇددى سوك - سوك ئاتقا مىنىپ



www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقاندەك ئىدۇق.

ئارىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە، يىراقتىن دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ھەر خىل دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى، رىتىمى تېز، ناھايىتى جىددىي ئىدى.

مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— بۇ نېمە ئاۋاز؟

سالىم تاقەتسىزلىك ئىچىدە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ جاۋاب بەردى:

— ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈۋاتقان يەردىن كېلىۋاتقان ئاۋاز.

ماشىنا توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، دۇمباقنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ماڭا پۈتۈن دەرەخلەر دۇمباقتەك، سانسىزلىغان قوللار ئۇلارنى ئەسەبىيلەرچە ئۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئەمدى ماشىنا موتورىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرمەس بولدى.

ئەمدى قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەس بولدى.

قۇلىقىمغا كىرىۋاتقىنى پەقەت دۇمباقنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى، ئۇ بېشىمغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ئىدى.

سالىم بىر يەرگە بارغاندا ماشىنىنى توختىتىپ ئوتىنى ئۆچۈردى، يېنىدىن بىر قولچىراغنى ئېلىپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— دوختۇر، ماشىنىدىن چۈش! — دېدى ئۇ تولىمۇ پەس ئاۋازدا.

مەنمۇ ماشىنىدىن چۈشتۇم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ، قولچىراغنى ياندۇردى، ئاندىن خۇددى دەرەخلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنماقچى بولغاندەك ئېگىشىپ ماڭدى، مەنمۇ ئېگىشىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم.

كۈچلۈك دۇمباق ئاۋازى قۇلاق پەردىلىرىمنى تىترەتمەكتە،

يۇرىكىمگە دەھشەت سالماقتا.

ئالدىمىزدىكى يورۇقلۇق — ئاجىز يورۇقلۇق دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا ئەلەڭلەشكە باشلىدى.

مەن دۇمباق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقان رىتىملىق چاۋاك ئاۋازىغىمۇ دىققەت قىلدىم.

ئارقىدىنلا نۇرغۇن ئادەمنىڭ گەپ قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم، پەقەت ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى، خۇشال چۇرقىرىشىۋاتقانلىقىنىلا بىلەتتىم.

بىز ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە يېقىنلاشتۇق.

مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كەپىلەرنىڭ قارىسىنى كۆردۈم.

ئۇ يەرگە بارغانسېرى يېقىنلاشتۇق.

سالىم بىر پۇتىدا تىزلىنىپ، بىر توپ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى، مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا يوشۇرۇندۇم.

مېنىڭ كۆزلىرىم چەكچەيگەن، نەپىسىم جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ بىر كىچىك كەنت ئىدى، كەپە ئۆيلەر يىگىرمىدىن ئاشمايتتى. كەپىلەر توپا تامدىن تۇرغۇزۇلغان، ئۈستىگە شاخ – شۇمبىلار تاشلانغانىدى. كەپىلەرنىڭ ئالدىدا ناھايىتى كەڭ بىر تاقىر بوشلۇق بار ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان ئىككى دۇمباق قويۇلغان، دۇمباقنىڭ يېنىدا شىر سۈپەت بەستلىك بىر ئادەم توم ئىككى كالتەك بىلەن دۇمباقنى ھەدەپ ئۇراتتى. يەرگە ئۆسمۇر رازۋېدكىچىلار چېدىردا ئىشلىتىدىغان لامپىدەك گاز لامپا ياندۇرۇلغانىدى. كەنت ئاھالىلىرى چەمبەر ھاسىل قىلىپ تۇرغان، ھەممىسىنىڭ مەيدىسى ئوچۇق، ئاياللارنىڭ ئوچۇق كۆكسى خۇددى ئىنچىكە شاختا ئېسىلىپ تۇرغان ئوخشىغان ئالمىلاردەك كۆرۈنەتتى. ھەممەيلەن دۇمباق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چالاتتى. چەمبەر ھاسىل قىلىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ ئادەم ئەسەبىيلەرچە ئۇسسۇل



www.uyghurkitap.com

ئويناۋاتاتتى، ئۇسسۇلنىڭ رىتىمى سامبا ئۇسسۇلىنىڭ رىتىمىدىنمۇ تېز ئىدى، تېزلىكىدىن پۇتلارنىڭ ئالمىشىۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئېتىش تەس ئىدى. ھەربىر ئەرنىڭ بىردىن قىز ئۇسسۇل ھەمراھى بار ئىدى.

ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئىچىدە سامى بار ئىدى!

ئۇمۇ مەيدىلىرىنى يالىڭاچ قىلىۋالغانىدى.

ئۇنىڭ ئاپپاق بەدىنى بۇ نىگىرلار ئارىسىدا گويا ئاقار يۇلتۇز كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئۇسسۇلنى ھەرقانداقىدىن چىرايلىق ئوينايتتى، ھەرىكەت رىتىمى شۇنداق تېز ئىدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئويناۋاتقان قىز مەن فانى قەھۋەخانىسىدا ۋە نىگىر دەرياسى بويىدا كۆرگەن قىز ئىدى.

مەن تېخىچە بىر توپ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتىم، ئالدىمدىكى مەنزىرە كۆزلىرىمنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا كۆزلىرىم سامىغا مەركەزلەشتى.

ئۇ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن، كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىققانىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ماڭا ناھايىتى تونۇش بولغان نەرسە — ئەسەبىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

ئۇ پۇتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى شاپپىدە توختىتىپ، دولىسى يەرگە تەگكۈچە ئارقىسىغا ئېگىلدى، ئۇنىڭ بەدىنى غەلىتىلا تىترەيتتى، بېشى يەردە پىرقىرايتتى، نېگىر قىز بەدىنىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇردى، بىر جۈپ ئوچۇق كۆكسىنى سامىنىڭ يۈزى ئۈستىگە توغرىلاپ، تېز سۈرئەتتە چايقىدى، خۇددى سامىنىڭ يۈزىنى كۆكسى بىلەن سىلاۋاتقاندەك ئىدى.

سامى شارتتىدە تىكلەندى، قىزمۇ ئوخشاشلا تېز سۈرئەتتە تىكلەندى، ئىككىسى يەنە تېز رىتىملىق ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ھەر ئىككىسى قارا تەرگە چۆمۈلگەن، گويا تەر دېڭىزى

ئىچىدە ئويناۋاتقاندەك ئىدى. سامىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەسەبىي نۇر چاقنايتتى.

قىزنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى پۈتۈن يۈزىنى نۇرغا بۆلەپ تۇراتتى، غەلىتە بىر خىل تەبەسسۇم ئاپپاق چىشلىرىدا، ئومچاق لەۋلىرىدە ئېسىلىپ تۇراتتى.

مەن ماڭا ئوخشاش دەرەخ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان سالىمغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايلىرى كىرىشىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن بىرنېمە سوراشقا ئۇلگۇرمەيلا، ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ جىددىي يوسۇندا دېدى:

— كەينىمدىن ماڭ!

ئۇ ھېلىقى ئوچۇقچىلىققا — ئۇسسۇل مەيدانىغا كىردى. مەن تىترىگىنىمچە ئارقىسىدىن ئەگەشتىم.

كەنت ئاھالىلىرى سالىمنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىشتىن توختىدى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار سالىمنى كۆرۈپ ئۇسسۇلدىن توختىدى، دۇمباقچىلار سالىمنى كۆرۈپ چېلىشتىن توختىدى. ھەممە نەرسە توختىدى.

ئۇسسۇل مەيدانىنى قورقۇنچلۇق سۈكۈت باستى، ھەتتا ئورماندىكى قۇشلارمۇ سايراشتىن توختىدى.

كۆزلىرىم سامىغا مەركەزلەشكەنىدى.

سامى ھەيرانلىق ئىچىدە ئەتراپقا قارىدى، گويا ھەممە نەرسىنىڭ توختاش سەۋەبىنى — تۇرمۇشنىڭ توختاش سەۋەبىنى سوراۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇنىڭ نەزىرى ئىنىسى سالىمغا چۈشكەندە، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقنىدى، يەنە ئەسەبىيلىكمۇ بار ئىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئۆكسىنىڭ يۈرىكىگە چەنلەپ ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئىدى.

سامىنىڭ نەپىسى تېزلىشىشكە، بارغانسېرى تېزلىشىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى خۇددى يۈزىدىن ئاجراپ چۈشمەكچى

بولغاندەك دەھشەتلىك لىپىلدايتتى!
ئۆنىڭ بەدىنىدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى، پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرى مونچاقتا ئوخشايتتى.
كېيىن ئۇ تىترەپ تۇرغان قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىنىسىنىڭ مەيدىسىنى بارمىقى بىلەن كۆرسەتتى.
ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى، باشتا ئاۋازى تولىمۇ ئاستا ئىدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ۋارقىراش دەرىجىسىگە باردى. ئۇ غەلىتىلا بىر تىلدا سۆزلەۋاتاتتى. مەن گېپىنى ئازراقمۇ چۈشىنەلمىدىم.
ئۆكىسى سالىم ئۆنىڭ ئالدىدا مىدىر قىلماي تۇراتتى، سامىنىڭ ئەسەبىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.
سامى تېخىچە ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى.
مەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، جىددىيلەشكەن ھالدا پەس ئاۋازدا سالىمدىن سورىدىم:
— ئۇ نېمە تىلدا سۆزلەۋاتىدۇ؟
سالىم ئەسەبىيلەشكەن ئاكىسىدىن كۆزلىرىنى ئالماي جاۋاب بەردى:
— ۋولۇف تىلى، نېگىرلارنىڭ تىلى.
— ئۇ نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟
— بىزنى ئاق ئالۋاستىلار، نېگىرلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغىلى كەلگەن دەۋاتىدۇ.
— ئۆنىڭ كۆزلىرىدىن قارىغاندا مېنى تونۇمىدى، سىزنىمۇ تونۇمىدى.
— راست، مۇنداق ئەھۋالدا ئۇ مېنى تونۇمايدۇ.
— ئۆنىڭغا ئەرەب تىلىدا سۆزلەپ باقمىنا.
— سۆزلىگىنىم بىلەنمۇ بەربىر چۈشەنمەيدۇ.
— سۆزلەپ باقماسەن.
سالىم ئاكىسىغا گەپ قىلىۋاتاتتى، كۆزلىرىنى بولسا ئۆنىڭ

چىرايىدىن ئالمايتتى.

— سامى ئاكا، مەن سىزنىڭ ئۇكاڭ، سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم.

سامى سالىمنىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ تېخىمۇ بەكرەك ۋارقىرىغىلى تۇردى. ئۇ كەنت ئاھالىلىرىنى قانداقتۇر بىر مۇھىم ئىشنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتقاندەك ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرايتتى.

مەن سالىمدىن سورىدىم:

— ئۇ ھازىر نېمە دەۋاتىدۇ؟

— ئۇ ئۇلارغا بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئېيتىۋاتىدۇ.

مەن قورقۇمسىراپ سورىدىم:

— ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟

— ئۇنداق قىلمايدۇ، — دېدى سالىم قەتئىي ھالدا، — قورقمىغىن.

كەنت ئاھالىلىرى جىممىدە تۇراتتى. ئۇلار سامىغا قاراپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئىچ ئاغرىتىش ۋە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ چىرايى شۇنداق مىسكىن، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. كېيىن ئۇلار سالىمغا قارىدى، گويا ئۇنىڭ بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈۋاتقاندەك ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ تەرىپىنى بىلمىدىم، پەقەت ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن شۇ نەرسىنى سەزدىم.

سامى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغان قىز ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى، سالىمغا سوغۇق ۋە تۇرغۇن نەزەردە قارايتتى.

سامى تېخىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمەيتتىم، پەقەت ۋارقىراۋاتقانلىقىنىلا ئاڭلايتتىم. ئۇ خۇددى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان ياۋايى ھايۋاندەك چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىرايتتى. ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىۋېتىپ بىردىنلا چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتتى.

سامى تۇيۇقسىز دۇمباق چالىدىغان توقماقنى قولىغا ئالدى، ئۇنى ھاۋادا ئوينىتىپ، خۇددى غالجىرلاشقان بۇقىدەك ئىنىسى سالىمغا ئېتىلىپ كەلدى.

سالىم مۇنداق تۇيۇقسىز زەربىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ ياخشى تەييارلىنىپ تۇرۇپ، سامى ئالدىغا كېلىشىگە ئۇنىڭ توقماق تۇتقان قولىنى كاپپىدە تۇتتى ۋە كۈچ بىلەن قايرىدى. سامى يەرگە يىقىلدى، ئۇ ۋارقىرايتتى، تېپىرلايتتى، سالىم ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ بىرنەچچە شاپىلاق سېلىۋەتتى. مەن سالىمغا ۋارقىرىدىم:

— ئۇنداق قىلما، ئۇنى ئۇرما!

مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ دورا ساندۇقىنى ئاچتىم ۋە سالىمغا:

— ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇر، — دېدىم.

مەست قىلىش ئوكۇلىنى تېزلا تەييارلىدىم.

كەنت ئاھالىلىرى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا غەزەپ بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى.

مەن تېخىچە ۋارقىراۋاتقان سامىغا ئوكۇل سالماقچى بولۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز دۇمبەمگە مۇشت يېغىشقا باشلىدى.

كەينىمگە قايرىلىپ قارىسام ئۇرۇۋاتقىنى ھېلىقى قىز ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي سامىغا ئوكۇلنى سالدىم.

بىرپەستىن كېيىن سامىنىڭ پۈتۈن بەدىنى بوشاشتى، ئىككى پۇتى يەنىلا تېپىرلاپ تۇراتتى. سالىم ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ مىدىرلاتقۇزمايۋاتاتتى، قىز بولسا تېخىچە دۇمبەمگە ئۇرۇۋاتاتتى، مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدا — ۋولۇف تىلىدا ۋارقىرايتتى.

مەست قىلىش دورىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى، سامى تىنچلىنىپ ئۇخلاپ قالدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، قارىسام ئۇ قىز ماڭا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ يۈزۈمگە شالاققىدە تۈكۈردى، غەلىتە فرانسۇز

تىلىدا ۋارقىرىدى، باشقا بىر ئاق تەنلىك ئۆنىڭ كاسىسىدا سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى.

— چوشقا، هايۋان!

ئاندىن ئۇ يۈزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ، هۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى، تۇيۇقسىز ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئايىغىم ئاستىدا دومىلىدى. ئۇنىڭ قىز دوستلىرى ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى.

سالىم بىرنەچچە ئادەمنى چاقىرىپ، سامىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا سالدى.

مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ، قىزنىڭ يۈزۈمدىكى تۈكۈرۈكلىرىنى سۈرتتۈم.

بىز قايتتۇق، سامى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. مەن سالىمدىن سورىدىم:

— مۇنداق ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇرامدۇ؟

سالىم لىۋان يەرلىك تىلىدا جاۋاب بەردى:

— دوختۇر، دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ئايدا ئىككى قېتىم، بەزىدە ئۈچ قېتىم ...

ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ سەممىيلىك بىلەن سورىدى:

— دوختۇر، ئۇنى ساقايتالامسەن؟

مەن سامىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا هازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيتتىم، شۇڭا:

— بىلمەيمەن، ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، — دېدىم.

سالىم مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان تەلەپپۇزدا ئۆتۈندى:

— دوختۇر، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سامىنىڭ ئەھۋالىنى پۈتۈن شەھەردىكىلەر بىلىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ يەردىكى مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسى بىز بىلەن باردى - كەلدى قىلمايدۇ. ئۇلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ، فىرانسۇزلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئەرەب مۇھاجىرلارمۇ بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. مەنمۇ

ئىشلەشكە ئامالسىز قالدىم، مېنىڭ تىجارىتىم ئاساسەن توختاپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك سورىدىم:

— سەن سامىنىڭ ئۇ كەنتكە بېرىۋالغانلىقىنى قانداق ئۇقتۇڭ؟

— ئۇ ئۆيدە بولمىسىلا، ئادەتتە ئاشۇ كەنتتە بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇ قەبىلىدىكى بىر ئادەم مېنىڭ ماگىزىنىمدا ئىشلەيدۇ، سامى ئۇ يەرگە بارسىلا ماڭا خەۋەر قىلىپ قويىدۇ.

— دائىم ئاشۇ كەنتكىلا بارامدۇ؟

— ھەئە.

— قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

— ئىككى يىل. بەلكىم ئۇنىڭدىن ئۇزۇنمۇ بولغاندۇ، لېكىن مېنىڭ بايقىغىنىمغا ئىككى يىل بولدى.

بىز ئۆيگە يېتىپ باردۇق. سالىم ئىككىمىز سامىنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدۇق.

مەست قىلىش دورىسىنىڭ كۈچى بىر يېرىم سائەتتە كېتەتتى. يولغا بىر سائەت كەتتى، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن سامى ئېسىگە كېلەتتى. مەن ئۇ ئېسىگە كەلگۈچە ساقلىماقچى بولدۇم.

سامىغا ئەھۋالنى بىلگەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپلا مېنى كۆرۈشنى خالايتتىم.

سالىم ئىككىمىز جىممىدە ئولتۇراتتۇق. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىشنى سورىغۇم يوق ئىدى. ئۇمۇ مېنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمىغاندەك گەپ قىلمىدى.

سامى ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى.

ئۇ باشتا ۋولۇف تىلىدا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى، كېيىن ئەرەب تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ياستۇقتا بېشىنى ھەدەپ ئۇيان ـ بۇيان ئۇراتتى. ئۇنىڭ تۇنجى قىلغان گېپى:

— سالىم، ئۇكام سالىم، مېنى تاشلاپ كەتمىگىن، ئۇكام

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سالىم، — دېگەن بولدى.

مەن سالىمغا قارىدىم، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىغانىدى.

مەن ھەيران قالدىم، مەن سالىمنى مۇنداق كۆڭلى يۇمشاق دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

بىرپەستىن كېيىن سامى كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ كۆرگىنى مېنىڭ چىرايىم بولدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى توختىماي لىپىلدايتتى. ئۇ ماڭا يەنە قاراپ قويدى.

— ئارام ئالغىن! ياخشى ئارام ئېلىشىڭ كېرەك، — دېدىم ئۇنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ.

مەن شۇ گەپتىن كېيىن دورا ساندۇقۇمنى ئېلىپ ماڭدىم.

سامى گەپ قىلمىدى.

مەن مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا داۋالاش ئېلىپ بېرىشنى خالىمايتتىم، ئۇنى داۋالاش - داۋالىماسلىقىمنى ئۇنىڭ ئۆزى بەلگىلىشىنى خالايتتىم. روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئالدى بىلەن بىمارنىڭ خالاش - خالىماسلىقىغا باغلىق، بولمىسا ھەرقانداق داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

سالىم مەن بىلەن بىللە چىقىپ، مېنى ماشىنىسى بىلەن مېھمانسارايغا ئاپىرىپ قويدى. مەن يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سامىيە خانقىز قەيەردە؟ ئۇنى ئۆيدە كۆرمىدىمغۇ؟

سالىم ئېغىر ئۇھ تارتتى، خۇددى يەنە بىر بەختسىزلىكنى سۆزلەۋاتقاندەك ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ.

بىز مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا خوشلاشتۇق.

ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن سامىنىڭ ئەھۋاللىرىنى خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم. ئەڭ ئاخىرىغا: «قوش مىجەز①» دېگەن سۆزلەرنى يازدىم.

① قوش مىجەز — ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكى.

مەن يىتىپ ئۇخلاپ قالدىم، سامىننىڭ ئەتىگەن مېنى ئىزدەپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

## 4

مەن ناھايىتى سەھەر ئويغىنىپ كەتتىم، ۋاقىت ئادەتتە تۇرىدىغان ۋاقتىمدىن خېلىلا بالدۇر ئىدى. ئەمەلىيەتتە سامىننىڭ كېسەللىك ئەھۋالى كاللامغا كىرىۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇپ ئۇيقۇم قاچقانىدى. بۇ خىل قوش مىجەز كېسەللىكى مەن ئۇچۇن يېڭىلىق ئەمەس. ئىلگىرى قوش مىجەزلىك نۇرغۇن بىمارلارنى كۆرگەن، ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالىغان. لېكىن، سامى تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئۇنىڭ قوش مىجەز كېسەللىكىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتەتتى. ئافرىقىنىڭ مۇھىتى ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناتونۇش، لېكىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. مەن ئىلگىرى ھەم نېگىرلارنىڭ، ھەم ئاق تەنلىكلەرنىڭ مىجەزىنى ئالغان مۇنداق قوش مىجەزلىك بىمارنى ئۇچرىتىپ باقمىغان.

بۇ خىل قوش مىجەزنى پەيدا قىلغان سەۋەب زادى قەيەردىدۇ؟

قوش مىجەز ئىدراكىي ئاڭ بىلەن ئىچكى ئاڭنىڭ دائىم ئېلىشىپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەربىر ئاڭنىڭ ئۆز ئالدىغا مىجەزى بولىدۇ، بەزىدە ئىدراكىي ئاڭ غالىب كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئىدراكىي ئاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ؛ بەزىدە ئىچكى ئاڭ غالىب كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئىچكى ئاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق بىر ئەھۋالدا ئېلىشىش باشتىن ـ ئاخىر توختاپ قالمايدۇ.

سامىننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئېلىشىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقارغان؟

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، كاللامدا مۇشۇ خىياللار پىرقىراپ يۈرەتتى. كىيىملىرىمنى كىيىپ، سامىننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇردۇم.

ئۇ ئەھۋالنى بىلگەنلىكىمنى ئۇققاندىن كېيىن چوقۇم كېلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان ئورۇننى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ كەلگەندە مېنى مېھمانسارايىنىڭ كۈتۈش ئورنىدا ئەمەس، ياتىقىمدا كۆرۈشى كېرەك. بۇنىڭدا ئۇنى ناھايىتى تېزلا بىۋاسىتە تەھلىل قىلالايمەن. شۇنىڭ بىلەن ياتاقتىلا ناشتا قىلىپ، سافادا ئولتۇرۇپ سامىنى ساقلىدىم. ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىم بولدى، بۇ سامى مېنى ئىزدەپ كېلىشكە ئادەتلەنگەن ۋاقىت ئىدى. ئۇ كەلمىدى. سائەت يەتتە بولدى، ئۇ يەنىلا كەلمىدى. سائەت ساككىز ... توققۇز ... مەن ياتاقتا ئولتۇرىمەن، خۇددى تېخنىكىسى ئۇستۇن ئەمەس دوختۇر بىمارلارنى ساقلاپ ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن.

سائەت ئون يېرىم بولغاندا ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى ناھايىتى ئاستا، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئۇرۇلۇۋاتاتتى، سامىنىڭ گۇمۇلدىتىپ ئۇرۇشلىرىغا ئوخشىمايتتى.

شۇنداقتىمۇ مەن ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇردۇم.

بەلكىم سامىدۇ، لېكىن ئىشىكنىڭ چېكىلىشى شۇنداق ئاستا، ئۇ ئاغىنە ئورنىدا ئەمەس، بىمار ئورنىدا ئىشىك چېكىۋاتقان بولسا كېرەك.

مەن ئىشىكنى ئاچتىم.

ياق، سامى ئەمەس ئىكەن.

ئىشىك ئالدىدا تۇرغىنى ئۇنىڭ سىڭلىسى سامىيە ئىدى. يەنە بىر بىمار.

مېنىڭ پىكىر يولۇم ناھايىتى تېزلا سامىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن سامىيەنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا يۆتكەلدى. ئۇ يېشى يىگىرمە بەشلەرگە بېرىپ قالغان چوڭ قىز، چىرايى تاتىراڭغۇ. ئۇ ئون يېشىدا لىۋانغا بارغان چاغدىكى ئەسلىمىلەر ئىچىدە

ياشايدۇ، مەندىن مۇھەممەد ئابدۇۋەھاب ۋە لەيلا مۇرادنى سورايدۇ، ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىسا يىغلايدۇ، ۋارقىرايدۇ.

ئۇ ئىشىك ئالدىدا كىرمەي تۇراتتى، خۇددى قورقۇپ تۇرغاندەك ماڭا ئىككىلىنىش ئىچىدە قارايتتى.

— سامىيە، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — قارشى ئالىمەن! ئىچكىرىگە كىرىڭ!

ئۇ يەنىلا ئىككىلەنگەندەك ۋە بىرئاز قورققاندەك ماڭا قاراپ تۇراتتى.

مەن ئۇنى ياتاققا كىرىشكە قايتا زورلىمىدىم.

مەن ئۇنى زورلاپ تۇرۇۋالسام، قورقۇپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم.

مەن چىرايىمدىن كۈلكە ئۆچۈرمەي ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىۋەردىم، ئۆزۈمنى خاتىرجەم، ھەيران قالمىغان قىياپەتتە كۆرسەتتىم.

بىرپەستىن كېيىن سامىيە تارتىنىش ئىچىدە گۆدەكلەرچە كۈلۈمسىرىدى، بارمىقىنى كىچىك بالىلاردەك ئاغزىغا سالدى ۋە قورۇنۇپ بېشىنى يەرگە قىلغىنىچە ئىچكىرىگە كىردى.

مەن ئىشىكنى يېپىپ قويدۇم. يۇمشاق ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ يېقىملىق تەلەپپۇزدا تەكلىپ قىلدىم:

— سامىيە، ئولتۇرۇڭ.

ئۇ بېشىنى ئىتتىك بۇراپ يېپىلغان ئىشىككە قاراپ قويدى، بارمىقىنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ، بىر خىل سوئال ۋە قورقۇش نەزىرىدە ماڭا قارىدى.

ئۇنىڭدىكى ئەنسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن سورىدىم:

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ئۆيدىكىلەر ياخشىدۇ.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

ئۇ ماڭا قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىدىكى ئەنسىزلىك ئاستا ـ ئاستا يوقىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى شۇنداق يېنىك، گويا چۈشەكەپ مېڭىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ مەن كۆرسەتكەن

www.uyghurkitap.com

ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. بارمىقىنى يەنە ئاغزىغا سېلىپ، تارتىنىش ئىچىدە سەبىيلەرچە كۈلۈمسىرىدى.

مەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، ئىككىلىمىز ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتۇق، كېيىن مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشكاپنىڭ تارتمىسىدىن بىر قاپ پىرەنىك ئالدىم. مەن ساياھەتكە چىققاندا ئۇنداق پىرەنىكتىن ئېلىۋالاتتىم، قورسىقىم ئاچقانلاردا ئانچە - مۇنچە يەپ قوياتتىم. مەن پىرەنىكنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم:

— بۇ مىسىرنىڭ پىرەنىكى.

ئۇ بارمىقىنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ، ماڭا خۇشال بىر تەرزدە قاراپ قويدى، سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پىرەنىكتىن بىر تال ئالدى، لېكىن يېمىدى.

— نېمىشقا يېمەيسىز؟ — دېدىم مەن، — مىسىرنىڭ پىرەنىكى ناھايىتى داتلىق.

ئۇ تارتىنىپ - قورۇنۇپ پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئۇنى مىسىرنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قويماقچى!

— بۇنى يەۋېتىپ، يەنە بىر تالنى ئېلىپ خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويۇڭ!

ئۇ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ پىرەنىكتىن بىر تال يېدى، ئاندىن قوللىرىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

مەنمۇ ئۈن - تىنسىز ئولتۇردۇم.

مەن ئۇ ئۆزى پەيدا قىلغان قاتمال كەيپىياتنى ئۆزى ئۆزگەرتىشىنى كۈتتۈۋاتاتتىم.

ئۇ تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، كىچىك قىزلاردەك زىل ئاۋازدا سورىدى:

— سىز باماكودىن قايتقاندىن كېيىن لىۋانغا بارامسىز؟

مەن بىر نەرسە بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتتىم:
— ھەئە، لىۋانغا بارىمەن.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى چاقنىدى، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى.
— مېنى ئېلىپ بارامسىز؟ — سورىدى ئۇ.
مەن بىر ئاز تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن خۇددى ئۇنىڭ تەلپىنىنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇدەك يېرى يوقتەك سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم:
— سىزنى بىللە ئاپىرىشنى خۇشاللىق بىلەن خالايمەن.
ئۇ خۇشاللىق بىلەن سورىدى:
— قاچان ماڭىمىز؟
بىلىمەن، يالغان ئېيتىش روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ئەمەس. لېكىن، ھازىرقى ئەھۋالدا توغرا داۋالاش ئۇسۇلى توغرۇلۇق كاللا قاتۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. يالغاننى توقۇۋېرىشكە توغرا كەلدى، چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:
— تۆت كۈنلەردىن كېيىن ماڭساق بولار.
ئۇ كىچىك باللاردەك خۇشال بولۇپ كەتتى.
— راستمۇ؟
— راست، لېكىن سىز ماڭا لىۋان توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك، سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز مەندىن كۆپ.
ئۇ بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈككە تاشلىدى، كۆزلىرىدىن بەخت نۇرى چاقنايتتى.
— لىۋان، چىرايلىق، چىرايلىق. ئۇ جەننەت، — دېدى ئۇ، — بىز ئۇ چاغدا بىر تۆپىلىكتە تۇرغان، بېيرۇت پەس تەرەپتە ئىدى. بىز بىر چوڭ سارايغا چۈشكەنىدۇق، ھەر كۈنى بېيرۇتقا چۈشۈپ چىقاتتۇق. بېيرۇت ناھايىتى چوڭ، لېكىن قىستاڭچىلىق. ئۇنىڭدا نېمىنى ئالىمەن دېسىڭىز شۇنى تاپالايسىز ...

مەن ئۇنى سۆزلەشكە قويۇپ بەردىم. ئۇنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، خاتىرەمنى قولۇمغا ئالدىم ۋە بېرىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كارىۋات قىرىدا ئولتۇردۇم. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ئولتۇرسام، ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق قورۇنماي، كەڭتاشا سۆزلەيتتى.

سامىيە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلار ئۇ يەردە دادامغا زىيابەت ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى، ھەر كۈنى كەچتە زىيابەت بار ئىدى. دادام زىيابەتلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى، سورۇندىكىلەر چاۋاك چالاتتى، ھەممە ئادەم قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىش ياغدۇراتتى...

ئۇ دادىسىنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتلەر توغرۇلۇق تولىمۇ ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇ ھەربىر زىياپەتنى شۇنداق تەپسىلىي سۆزلىدى، ھەتتا تەسۋىرلىمىگەن قورۇمىلارنىڭ تۈرى، چىنە - تەخسىلەرنىڭ شەكلى، ۋىلكا - قوشۇقلار قالمىدى. زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغان ئادەملەرنىڭمۇ بىرمۇنچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقتى. ئۇ گويا بۇ ئىش يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئەمەس، بۈگۈنكى كۈنىنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقاندەك، ئۆزى شۇ تاپتا زىياپەت ئۈستىدە تۇرغاندەك سۆزلەيتتى.

لېكىن، شۇنچە ئۇزۇن قىلغان گەپلىرىگە دىققەت قىلسام، ئۆزى توغرۇلۇق قەتئىي سۆزلىمىدى، ئۇ زىياپەتلەردە ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى توغرۇلۇق بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، گېپىنى ئۈزۈپ سورىدىم:

— ئۇ زىياپەتلەرگە سىزمۇ قاتناشتىڭىزمۇ؟

ئۇ بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ئارقىسىغا قايرىلىپ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ تورۇسقا قاراپ تۇراتتى، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەن قىلغان گەپ باشقا بىرىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن چىققاندەك ئىدى.

سامىيە خۇددى قانداقتۇر بىرنەرسە مەيدىسىنى بېسىپ تۇرغاندەك قىينىلىپ - قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى.

ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى.
ئۇ بىپىرۋت ۋە شۇ يەردە ئۆزلىرى ئۇچۇن ئۆتكۇزۇلگەن زىياپەتلەر توغرۇلۇق يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.
— ئۇ چاغدا لىۋاندىكى گېزىتلەر دادام توغرۇلۇق خەۋەرلەرنى بەرگەن، ھەر كۈنى دېگۈدەك بەرگەن، تېخى گېزىتكە ئۇنىڭ رەسىمىنىمۇ باسقان، — دېدى ئۇ.
مەن ئۇنىڭ گېپىنى يەنە ئۈزۈپ سورىدىم:
— گېزىتكە سىزنىڭ رەسىمىڭىزمۇ بېسىلغانمۇ؟
ئۇ يەنە جىمىپ قالدى، نەپىسى قايتىدىن قىيىنلىشىپ، چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى.
ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن چۈشىدە سۆزلەۋاتقاندەك ئېغىز ئاچتى:
— مېنىڭ رەسىمىم، مېنىڭ رەسىمىم ...
ئۇنىڭ نەپىسى ئەسلىگە كەلدى، ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— گېزىتلەرگە دادامنىڭ شېئىرلىرى بېسىلىپ تۇردى، ئۇنىڭ شېئىرلار توپلاملىرى بار ...
ئۇ مېنىڭ سوئالىمنى يەنە بىر قېتىم جاۋابسىز قويدى.
ئوتتۇردا ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان، ئۇ بىر تەرەپ قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان چوقۇم بىر ئىش بار.
مەن ئۇنى لىۋان توغرۇلۇق ئەركىن سۆزلىۋېلىشكە قويۇپ بەردىم.
كېيىن ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز يەنە بىر ئىشنى سورىدىم:
— سىز لىۋاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىش يۈز بەردى؟
ئۇ گەپ قىلمىدى.
بۇ قېتىم ئۇنىڭ نەپىسى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، قارىسام سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك قىينىلىپ نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان، ئورۇندۇقنىڭ ئىككى تەرەپتىكى تۇتقۇچىنى بار كۈچى بىلەن

www.uyghurkitap.com

تۆتۇۋالغان، قوللىرى تەرلەپ كەتكەن، پېشانىسىدىمۇ مونچاقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب قايتۇرمىدى.

سوئالىمغا جاۋاب بېرىشكە بېرىلگەن يېتەرلىك ۋاقىتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى.

مەن خۇددى قېچىشقا يول تاپالماي قالغان ھايۋاننى قوغلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن يەنە ئۇدۇللا سورىدىم:

— سىز لىۋاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىش يۈز بەردى؟

ئۇنىڭ خىرىلداپ نەپەس ئېلىشلىرىدىن ھەيران قالدىم. ئۇ نېرۋىسىغا ۋە ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان قانداقتۇر كۈچ بىلەن رەھىمسىزلەرچە قاتتىق ئېلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

كېيىن ئۇ بۇ ئېلىشىشتىن ئاخىر قۇتۇلغاندەك، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلدى:

— لىۋاندا زۇڭتۇڭ دادامنى يوقلاپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئوردىن تەقدىم قىلدى ...

ئۇ گەپتىن يەنە توختاپ قالدى.

ئۇ بېشىنى يەرگە قىلىپ، ئىككى قولىنى تىزلىرىغا قويغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. پېشانىلىرىدە ھېلىمۇ تەر تەپچىرەپ تۇراتتى.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا لىۋانغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ھەرقانداق ئىشنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىسا كېرەك، بەلكىم ئېسىگە ئالالمىغان يېرىمۇ باردۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ لىۋاندا قىلغان ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىغان ياكى ئېسىگە ئالالمايدىغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ مېڭىسىدە لىۋاننىڭ مەنزىرىلىرى مەۋجۇت، لېكىن لىۋاننىڭ مەنزىرىلىرى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ سايىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ دادىسىنى، ئاكا ـ ئىنىلىرىنى كۆرەلەيدۇ، ئاشۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ،

لېكىن ئۆزىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئۇنى داۋاملىق ئانالىز قىلىشقا ئامالسىز قالدىم.

ئۇ قاتتىق چارچىغان، داۋاملىق ئانالىز قىلىشىمغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، قولۇمدا پىرەنىك، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— پىرەنىكتىن خاتىرە سۈپىتىدە بىر تال ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدىم.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى.

— ئەتە مېنى يوقلاپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ، — ئىككىمىز لىۋانغا ماڭىدىغان ۋاقىتنى بېكىتىۋالايلى.

ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى نۇرلاندى، قەتئىي تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:

— ماقۇل، ئەتە كېلىمەن!

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، خۇددى چۈشەكەپ مېڭىۋاتقان ئادەمدەك سىلىق قەدەم بىلەن ماڭدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى ياپتىم.

مەن خاتىرەمنى قولۇمغا ئېلىپ، باياتىن خاتىرىلىۋالغان سامىيەنىڭ گەپلىرىنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

مەن مۇنداق بىر گەپنى يېزىپ قويدۇم:

«مىجەزى تەرەققىي قىلىشتىن توختىغان.»

مۇنداق ئەھۋال روھىي كېسەللىكلەر ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ. بەزىدە بىر ئادەمنىڭ بالىلىق ياكى ياشلىق دەۋرىدە ئىچكى ئېڭىدا ساقلىنىپ قالىدىغان ئېغىر ۋەقە يۈز بەرگەن بولىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرى بىلەن ئىچكى ئاڭ ئىدراكىي ئاڭنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالىدۇ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ. شۇڭا، ئادەم چوڭ بولۇپ يېشى ئۇلغىيىۋېرىدۇ، لېكىن ئىدراكىي ئاڭ پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى كېڭەيمەيدۇ، بالىلىق دەۋردە قېلىپ، ئىچكى ئاڭنى

شەكىللەندۈرىدىغان مۆرەككەپ ئىدىيەۋى ھالەت① دائىرىسى ئىچىدە چەكلىنىپ قالىدۇ.

سامىيەنىڭ مىجەزى لىۋاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەرەققىي قىلىشتىن توختاپ قالغان.

ئۇ يەنىلا لىۋاندىن قايتىپ كەلگەن چاغدىكى ئاشۇ ياشتا بەش ياكى ئون ياش ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئاڭ ئاشۇ كۈنلەردە توختاپ قالغان. بۇ ئاڭ خۇددى ئېسىپ قويۇلغان چاقتەك ئورنىدا پىرقىراۋەرگەن. ئۇ پەقەت سامىيەنى ئون ياشقا ئەكەلگۈدەك مۇساپىنىلا باسقان. شۇنىڭدىن كېيىن سامىيەدىكى ئاڭ ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرغان، تەرەققىي قىلمىغان.

سامىيەنىڭ مىجەزىنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىپ قويغۇدەك ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە زادى قانداق ئىش يۈز بەرگەن؟

مەن مۇشۇ تەرەپكە بەكرەك كالللا قاتۇردۇم.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئابدۇۋەھاب، لەيلا موراد ۋە ئۇممۇ كۈلسۇمنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا ئەسەبىيلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىدىم.

لېكىن، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم.

ئۇ داۋالاش تەس بىمار ئىدى. مۇنداق بىمارنى داۋالاش ئۈچۈن بەلكىم بىرەر يۈز قېتىمچە پاراڭلىشىشقا توغرا كېلەر، ئىشقىلىپ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. مەن ئەسلىدە ئەتىكى كۈنلۈكتە باماكودىن كەتمەكچىدىم، يەنە تۆت كۈن ئۇزارتالىشىم مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرالمايمەن. چۈنكى، قاھىرەدە ئالدىن كېلىشىپ قويغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار.

سامىيەنى داۋالاشقا تۆت كۈن يېتەمدۇ؟

ئاندىن يەنە سامى بار، ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.

مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. بىر تەرەپتىن،

---

① مۆرەككەپ ئىدىيەۋى ھالەت — پسىخوپاتالوگىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قاھىرەدە ماڭا قاراپ تۇرغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئادەملەرنىڭ سىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ئافرىقىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئارزۇيۇم بار.

مەن سائىتىمگە قارىدىم.

ۋاي، چۈشتىن كېيىن سائەت بىر بولۇپ كېتىپتۇغۇ !

سامى كەلمىدى.

ئۇ ئەمدى كەلمىسە كېرەك.

مەن ئالدىراپ تاماقخانىغا چۈشتۇم. ئەگەر سامى كەلمىسە، چۈشلۈك تاماقنى يەۋېلىپ ئۇنى ئىزدەپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم.

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ مېھمانسارايدىن چىقتىم. بېشىمدا قالپاق، سامىنىڭ ئۆيىگە چوڭ ـ چوڭ قەدەم ئېلىپ ماڭدىم. كۆڭلۈم ئاجايىپ تۇق ئىدى: مەنمۇ ئافرىقىدا ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىۋاتىمەن !

سامىلارنىڭ ئۆيىنى تەخمىنەن بىلەتتىم. ئىلگىرى ئىككى قېتىم بارغان بولساممۇ، ئەگرى ـ بۈگرى تار يوللاردا يەنىلا ئادىشىپ قالدىم. مەن ئۈمىدسىزلەنمىدىم، ئەكسىچە يولدىن ئادىشىپ قېلىش ماڭا تېخىمۇ ئېكسپېدىتسىيەچىدەك تۇيغۇ بەخش ئەتتى.

خېلى ۋاقىتتىن ئىسراپ بولغان بولسىمۇ، مەن ئاخىر ماگىزىنىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشقان سامىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ باردىم. ئۇ يەرگە بارغۇچە بىرەر ئادەمدىنمۇ يول سورىمىدىم.

مەن سامىنى يىراقتىنلا كۆردۈم.

ئۇ ماگىزىنىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇ بىر نېگىر يىگىتكە ھەدەپ ۋارقىراۋاتاتتى. نېگىر يىگىت بۇ ماگىزىنىنىڭ ئىشلەمچىسى بولسا كېرەك.

مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، سامى نېگىر يىگىتنى بىر شاپىلاق سالدى. تاياق يېگەن نېگىر يىگىت مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كەتتى، باماكونىڭ يەرلىك

www.uyghurkitap.com

تىلى ــــ ۋولۇف تىلى بولسا كېرەك.

سامى مېنى كۆرمىدى.

مەن ماگىزىن سىرتىدا ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇردۇم.

ئۇنى نېگىرلارنى خارلايدىغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ مىجەزىنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋېتىپتۇ، دەپ پەرەز قىلدىم.

سامى نېگىر يىگىتنى ئۇرۇپ كەتكۈزىۋەتكەندىن كېيىن، مەن قەدەملىرىمنى يۆتكەپ ماگىزىن ئىچىگە قاراپ ماڭدىم.

سامى گاڭگىراش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ماڭا قارىدى، ئاندىن ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك قىياپەتكە تېزلا قايتىپ، لىۋاننىڭ يەرلىك تىلىدا مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ نۇرغۇن گەپ قىلدى، مېنى بىرمۇنچە ماختىغان بولدى. تۇنۇگۇن ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەنلىكىمدىن خەۋەر يوقتەك ئىدى.

مەن ماگىزىنىنىڭ ئىچىگە سەپسالدىم، ئىنىسى سالىم كۆرۈنمەيتتى. مەندە بىر خىل يىغىچە قاراش پەيدا بولدى: سالىم يېنىدا يوق ۋاقىتتا، ئاق تەنلىكلەرنىڭ مىجەزى سامىنى بەكرەك كونترول قىلىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، سالىم بار ۋاقىتتا سامىنىڭ ئاق تەنلىك مىجەزى ئاجىزلاپ كېتىدىكەن.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە خاس مىجەزىنىڭ نېگىرلارنىڭ مىجەزىگە ئۆزگىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىل زادى نېمە؟

ــــ بۈگۈن ئەتىگەن يېنىمغا نېمىشقا بارمىدىڭ؟ ــــ سورىدىم مەن ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا، ــــ سېنى بەك ساقلاپ كەتتىم.

سامى بىردەمگىچە جىم تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ جاۋاب بەردى:

ــــ بىلمەيمەن.

ئۇ خۇددى بەرگەن جاۋابىغا پۇشايمان قىلىپ قالغاندەك

قوشۇپ قويدى:
— دۇكاندا ئالدىراش بولۇپ كەتتىم.
— هازىر مەن بىلەن ئايلىنىپ كېلەلەمسەن؟ — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ، — ئىككىمىز شۇنداق كېلىشكەن، ئېسىڭدە باردۇ؟
سامى خۇددى چىرايىمدىن بىرنەرسىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك ماڭا لاپپىدە قارىدى.
ئۇ كۈلۈمسىرىدى، مەندىن خاتىرجەم بولغاندەك ئىدى. ماگىزىنىدىكى ئىشلەمچىدىن بىرنى چاقىرىپ نېمىلەرنىدۇر تاپىلىغاندىن كېيىن مېنى قولتۇقلىدى.
— ماڭدۇق ئەمىسە، سېنى كۈبارەھ تېغى ئۈستىگە ئاچىقىپ كېلەي.
ئۇ باماكو شەھىرىگە نەزەر تاشلاپ تۇرغان تاغنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئۇ كۈبارەھ تېغى دەپ ئاتىلىدۇ، فىرانسىيە ۋالىيسىنىڭ قەسرى ئەنە شۇ تاغنىڭ چوققىسىدا.
— مەن ئاۋۋال ياتىقىمغا بېرىپ كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي، — دېدىم مەن.
سامى مېنىڭ رايىمچە بولسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ مۇرىسىنى ئېتىپ قويدى. ئۇ يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئۇ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرى پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئىدى.
بىز مېھمانسارايغا يېتىپ كەلدۇق. مەن سامىنى ياتاققا چىقىشقا تەكلىپ قىلدىم.
مەن ئۇنىڭغا، ياتاققا چىقىپ بىرەر ئىستاكاندىن چاي ئىچىپ ئاندىن ماڭايلى، دېدىم.
مەن بۇ تەكلىپنى بېرىۋاتقاندا ئىمكان بار ئۆزۈمنى تەبىئىي، مەقسەتسىز كۆرسىتىشكە تىرىشتىم.
مەن ئۇنىڭ ئايىغى چىقماس گەپلىرىنى ئۈزۈپ تۇيۇقسىز سورىدىم:

— تۇنۇگۇن نەلەردە يۈردۈڭ؟

سامى ئەيىبلەش نەزىرىدە ماڭا لاپپىدە قارىدى، گويا ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى، دەۋاتقاندەك ئىدى، ئاندىن بېشىنى يەرگە قىلىپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئاغرىپ قالدىم، — دېدى ئۇ، — سەن مېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىمنى بىلىسەن، مەن ئېسىمگە كەلگەندە سېنىڭ يېنىمدا تۇرغانلىقىڭنى كۆرگەن.

مەن ئىمكان بار يېقىملىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلدىم:

— ھوشۇڭدىن كېتىشتىن ئىلگىرى قەيەردە ئىدىڭ دېمەكچىمەن.

— باشتا ئۆيدە ئىدىم، سائەت ئالتىلەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ لاكرىئان دېگەن ماگىزىنغا باردىم. مەن ئەسلىدە كېلىشكىنىمىز بويىچە سائەت سەككىزدە سېنىڭ يېنىڭغا بارماقچىدىم، لېكىن بېشىم قايغاندەك بولۇپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. ئۆيگە بېرىپلا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، سەن ئوكۇل ئۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ھوشۇمغا كەلدىم، قۇتقۇلدۇرۇۋالغىنىڭ-غا رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن.

ئۇ گەپتىن توختاپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.

مەنمۇ گەپ قىلمىدىم، كىيىم يۆتكەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم. بىرپەستىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ئېغىز ئاچتى.

— ئىنىم سالىم مېنى ئورمان ئىچىدىن ئەكەلدۇق دەيدۇ، لېكىن ئورمانغا بارغىنىم ئېسىمدە يوق. سالىم ماڭا دائىم ئاشۇنداق غەلىتە گۇناھلارنى ئارتىپ تىللايدۇ.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ھارغىن ۋە سېرىق كۆرۈنەتتى، مەلۇم ئىشنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك، نەپىسى جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

مەن ئۇنىڭدىن كۆزلىرىمنى ئېلىپ، يەنە ئالدىراش كىيىم يۆتكەۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدىم. مەن ئۇنىڭ گېپىنى



www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتتۈۋاتاتتىم.

لېكىن، ئۇ گەپ قىلمىدى، خېلى بىرھازاغىچە گەپ قىلمىدى. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا گەپ باشلاپ، خېلى ئۇزاق سۆزلىدى، مېنىڭ ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭ پىكىر يولىنى ئۆزى توغرۇلۇق ئىشلارغا يۆتكىمەكچىدىم، شۇڭا گېپىنى ئىككىنچى قېتىم بۆلدۈم:

— مەن ئۇ قىزنى كۆردۈم.

ئۇ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— قايسى قىزنى دەيسەن؟

— بىز فانى قەھۋەخانىسىغا بارغاندا بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتكەن ھېلىقى نېگىر قىزچۇ؟ مەن ئەتىسى ئۇنى نىگېر دەرياسى بويىدا كۆردۈم.

— فانى قەھۋەخانىسىدا قانداق قىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتكەنلىكى تازا ئېسىمدە يوق.

كېيىن ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ماڭا چاقچاق قىلغاندەك دېدى:

— دوختۇر، نېگىر قىزلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسەن؟

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ساختىلىق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنمەيتتى.

ئۆز ۋاقتىدا فانى قەھۋەخانىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنى ئۆزگە تارتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئاشۇ قىز؛ ئورماندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغان، مەن سامىغا ئوكۇل ئۇرۇۋاتقاندا مېنى ئۇرغان ۋە يىغلىغان ئاشۇ قىز؛ مەن نىگېر دەرياسى بويىدا ئۇچرىشىپ قالغان، مەن سامىنىڭ گېپىنى چىقارغاندا قېچىپ كەتكەن ئاشۇ قىز سامىنىڭ خاتىرىسىدە ھەقىقەتەن يوق ئىدى.

ئۆزىنىڭ ئورمانغا بارغىنى، نېگىرلار ئارىسىدا ئۇسسۇل ئوينىغىنى، نېگىرلارنى ئاق تەنلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتقانلىقى، توقماقنى كۆتۈرۈپ ئىنىسى سالىمنى ئۇرماقچى

بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى.

ئاشۇ ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئېسىدە يوق.

ئۇنىڭ ئىككىنچى مىجەزى ئېسىدە يوق.

ئىككى خىل مىجەزى پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكەن.

سامىنىڭ بىر خىل مىجەزى بىلەن يەنە بىر خىل مىجەزىنى باغلاپ تۇرىدىغان ياكى سامىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان بىر تال يىپ يوق ئىدى.

مېنىڭمۇ ئۇنى ئەسكەرتىپ ئولتۇرغۇم كەلمىدى. دوختۇرنىڭ ۋەزىپىسى بىمارنى ئەسكەرتىش ئەمەس، بەلكى بىمارنىڭ ئەسكە ئېلىشىغا ياردەم قىلىش. ئەگەر مەن ئۇنى ئورمانىدا كۆرگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ئاشۇ نېگىر قىز بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالسام، ئۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئىشەنمەيدۇ، خۇددى ئۇ مۇرەككەپ ئىدىيەۋى ھالەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك، ئىنىسى سالىمدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك، مەندىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

مەن ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ، چاينى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىمچە ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدىم. كېيىن ئاددىيلا قىلىپ ئېغىز ئاچتىم:

— سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئافرىقىغا مۇھاجىر بولۇپ كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ باقمىدىڭ، مېنىڭ شۇنى ئاڭلىغۇم بار ئىدى.

سامى پەخىرلىنىش ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى، خۇددى ناھايىتى شەرەپلىك بىر ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك گەپ باشلىدى:

— دادام بۇنىڭدىن ئەللىك يىل ئىلگىرى ئافرىقىغا كەلگەن، ئۇ باماكوغا تۇنجى تۈركۈمدە كەلگەن لىۋان مۇھاجىرى. ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇھاجىر ئىدى، نۇرغۇن مۇھاجىرلارغا ئوخشاش نېگىرلارنى بوزەك قىلمايتتى، فىرانسۇزلارغىمۇ يالاقچىلىق قىلمايتتى. ئۇنى ئالىيجاناب تىجارەتچى دېيىشكە بولىدۇ. نېگىرلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، فىرانسۇزلار ئۇنى



www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ نۇرغۇن پۇل تاپقان، ئۇ باماكوغا تۇنجى قېتىم ئۇچ قەۋەتلىك بىنا سالغان ئادەم. ئۇ تۆت بىنا سالدى، ئۇنىڭ كىرىمى كۆپىيىشكە باشلىدى، يىلىغا تۆت مىليون فىرانكتىن چۈشمەيتتى. لېكىن، ئۇ پۇلنى قالايمىقان خەجلەيتتى، چىقىمى كۆپ ئىدى. ئۇ داڭلىق يازغۇچى، داڭلىق شائىر ئىدى، شۆھرىتى ئەھمەد شاۋقى[1] ياكى ئىلىيا ئەبۇ مادى[2]لاردىن قېلىشمايتتى. لىۋان مۇخبىرلىرى ئۇنى ھەر يىلى يوقلاپ كېلەتتى، ئۇ ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل بېرەتتى. دادام ئۆزى پۇل چىقىرىپ بېيرۇتتا بىر ئەدەبىي ژۇرنال نەشر قىلدۇرغان. ئۇ يەنە باسما ماشىنىسى سېتىۋېلىپ مەخسۇس ئۆزىنىڭ شېئىر توپلاملىرىنى باسقان. ئۇ باماكودا تۇنجى باسما ماشىنىسى بولۇپ قالغان.

سامىدىكى شان - شەرەپ ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى شۆھرەتلىك تۆھپىلەرنى ياراتقان ھەرقانداق بىر ئاتىنىڭ ئوغلى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى.

سامى گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— دادام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مال - دۇنيا قالمىغانلىقىنى بايقىدۇق. راست، ئۇنىڭدىن تۇرالغۇ ئۆي قالدى، لېكىن ئۇ نۇرغۇن قەرزگە دال بولالمايتتى. دادام مەغلۇپ بولغان ئەمەس، ئۇ سەنئەتكار، شائىر. ئۇ ئۇلۇغ يازغۇچىلارغا ئوخشاش پۇلنى دوست تۇتمىغان. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىز بىر مەزگىل تولىمۇ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردۇق، ئىنىم سالىم ئىككىمىز يەنە بىر مۇھاجىرنىڭ قولىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇق، كېيىن ئىنىم سالىم يېڭىباشتىن تىجارەت باشلىۋالدى.

ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ماڭا

---

① ئەھمەد شاۋقى (1869 — 1932) — مىسىرنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرلىرىدىن بىرى.

② ئىلىيا ئەبۇ مادى (1889 — 1957) — لىۋانلىق مەشھۇر شائىر، لاتىن ئامې-رىكىسىدا تۇرغان.

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ئۆزىگە بىر ئىشنى تەكىتلىمەكچى بولغاندەك ئىدى:

— سالىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تىجارەتچى، ئۇ تىجارەتكە ھەرقانداق ئادەمدىن ماھىر.

ئۇ ئاغزى بېسىقماي ئىنىسىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، گەپنى سامىيەگە يۆتكىدى، لېكىن كۆپ سۆزلىمىدى. سامىيەگە تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغاندەك ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئاغرىقچان، ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇنىڭ نېمە كېسىلى بار؟ — مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدىم.

— بىلمەيمەن. دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئاغرىقچان، تېرىككەك بولۇپ قالدى. دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى بىزگە قاتتىق زەربە بولدى، سامىيەگە تېخىمۇ قاتتىق زەربە بولدى، چۈنكى دادام ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىدى.

كېيىن ئۇ يەنە دادىسىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ گەپ باشلىغاندىن تارتىپ بىز چاي ئىچىپ بولغۇچە، ئارىدىن بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. مەن بۇ قېتىمقى مۇڭدىشىشتىن زېرىكمىدىم، ئۇنىڭ گەپلىرىنى پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئاڭلىدىم. مەن سامىنى ئانالىز قىلىشقا ياردىمى تەگكۈدەك بىرەر ئەھۋال بايقاشقا، ئۇنىڭدىن پسىخوپاتالوگىيەگە ئائىت نەرسە تېپىشقا تىرىشاتتىم. لېكىن، تىرىشچانلىقلىرىم بىكار بولدى. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى پۈتۈنلەي ئادەتتىكىچە نەرسىلەر ئىدى. ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا كەيپىياتى مۇقىم، نەپسى نورمال، ئېرۋىسى سەگەك ئىدى، دادىسى ھايات ياكى ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلار بولسۇن، بىرەر تەرەپنى سۆزلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى باغلىنىشلىق، مەنتىقلىكى كۈچلۈك ئىدى.

لېكىن، مەن تۇيۇقسىز بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىپ قالدىم: ئۇ ئاپىسى توغرۇلۇق گەپ ئاچمايۋاتاتتى.

ئۇ شۇنداق ئۇزۇن سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئاپىسىنى بىر ئېغىز تىلغا ئېلىپ باقمىدى. ئادەتتە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، بارلىق تەپسىلاتلار ئۈستىدە ئىنچىكە توختالغاندا، ئاپىسى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن بۇ گۇمانلىق نۇقتىنى بايقىۋالغانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم. مەن تۇيۇقسىز سورىدىم:

— ئاپاڭچۇ؟ ماڭا ئاپاڭ توغرۇلۇق تېخى سۆزلەپ بەرمىدىڭ!

سامى تۇرۇپ كەتتى.

ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا قارىدى، قوشۇمىسى سەل تۈرۈلدى، كېيىن كۆزلىرىنى يەرگە ئېلىپ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن.

ئۇ يەنە جىمىپ كەتتى، كۆزلىرى پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئىدى.

مەن ئارقىدىنلا سورىدىم:

— قاچان؟ ئۇ قاچان ئۆلۈپ كەتكەن؟

— دادام ئۆلۈپ كېتىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن.

مەن يەنە ئۇلاپلا سورىدىم:

— داداڭ ئافرىقىغا كەلگەندە ئۇمۇ بىللە كەلگەنمىدى؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، قانداقتۇر نومۇسلۇق بىر ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك، كۆزلىرى جىددىي تۈس ئالدى.

— ياق، ياق، دادام مۇھاجىر بولۇپ خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، كاتتا بايغا ئايلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان. دادام لىۋانغا بېرىپ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىپ، ئاندىن ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن.

— ئۇ چوقۇم ئۇلۇغ بىر ئايال بولسا كېرەك.

سامى ئورنىدىن لىككىدە تۇردى. گېپىمدىن بىزار بولغاندەك نەپسى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ گېپىمگە جاۋاب بەرمىدى، ماڭا سوئال تاشلىدى:

— سەن كۇبارەھ قەلئەسىگە بارماقچى ئىدىڭغۇ؟

مەن ئۇنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورنۇمدىن تۇردۇم، بايىقى ھۇجۇمنى مەقسەتلىك چېكىنىشكە ئۆزگەرتتىم.

— راست، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپتۇق.

بىز ياتاقتىن چىقىشتىن ئىلگىرى، يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۇنىڭ بوينىغا قاراپ، خۇددى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالغاندەك سورىدىم:

— بۇ نېمە ئىز؟

مەن ئۇنىڭ بوينىدىكى ھېلىقى تىرناق ئىزىنى كۆرسەتتىم. مەن ئۇ ئىزنى سامى مېنى فانى قەھۋەخانىسىغا تاشلاپ قويۇپ، نېگىر قىزنىڭ كەينىدىن كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەن كۆرگەنىدىم.

ئۇ خۇددى بوينىنى بىر نەرسە چېقىۋالغاندەك، قولىنى ئىتتىك ئاپىرىپ ھېلىقى ئىزنى تۇتتى.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ گاڭگىراپ قالغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — دائىم ئۆزۈم سەزمەيلا بىر يەرلىرىمنى تاتىلاپ قانىتىۋالىمەن. بەزىدە خىيالغا پېتىپ كەتكەندە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. سەنمۇ بىلىسەن، مەن دادامغا ئوخشاش شائىر.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم.

ئۇ سەمىمىي كۆرۈنەتتى.

بىز مېھمانسارايدىن چىقىپ، بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تاغقا كەلدۇق. مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پاتقانىدىم. سامىنىڭ ئىككىنچى مىجەزىنى ئېچىش ھەمدە ئۇنى سامىنىڭ ئالدىغا قويۇش، ئۇنى بىجىرىم ئادەمگە ئايلاندۇرۇش ئۈمىدىم يوقىلىپ چىقىۋاتاتتى. مەن دائىم شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، ئىككىنچى مىجەزنى يوشۇرۇشقا ۋە ئۇۋچىنى ئالداشقا ماھىر تادان تۈلكىگە ئوخشىتاتتىم. مەن ئۇۋچى، ماڭا مەلۇم، سامىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئىككىنچى مىجەز مەن ئۆمرۈمدە ئۇچرىغان ئەڭ

رەزىل ئىككىنچى مىجەز ئىدى. ئۇ ئىچكى ئاڭغا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ماھىر، ھەرقانداق ئىدراكىي ئاڭ ئۇنى بايقىيالمايدۇ، مەيلى سامىنىڭ، مەيلى مېنىڭ بولسۇن.

مەن سامىنىڭ كېسەللىك تۇغۇنىنى باشقا بىر يول بىلەن ئېنىقلاش زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. بۇ مەن ئادەتلەنمىگەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق بىمارنى داۋالاش يولى ئىدى. مەن كېسەللىك تۇغۇنىنى داۋالاش جەريانىدا ئەمەس، داۋالاشتىن ئىلگىرى ئېنىقلىۋېلىشىم كېرەك. بۇ تەجرىبە پىسخولوگىيەسىدە خاتا ئۇسۇل. چۈنكى، دوختۇر بىمارنىڭ كېسەللىك تۇغۇنىنى بىلمىسە، بىمارنىڭ ئۆزىدىكى كېسەللىك تۇغۇنىنى ئۆزى بايقىشىغا تېخىمۇ ياردىمى بولىدۇ. بىمار ئۇنى بايقىغاندا، ئۇنىڭ كېسىلى تولۇق ساقىيىدۇ. لېكىن، مەن باشقا بىر يول تۇتۇشقا مەجبۇر، چۈنكى مېنىڭ باماكودىكى ۋاقتىم چەكلىك.

## 5

مېنىڭ پىلانىم مۇنداق بولدى: سالىم ماڭا سامى بىلەن سامىيەنىڭ ھاياتى، بالىلىق چاغلىرىدىكى تەپسىلاتلارنى ئەڭ كىچىك ئىشلارغىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشى كېرەك. مەن بۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنىڭ سىرىنى — ئىچكى ئاڭغا يوشۇرۇنۇۋالغان، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان كېسەللىك تۇغۇنىنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىشىم كېرەك.

باماكودىن كېتىشتىن ئىلگىرى بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىمەن دەيدىكەنمەن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۈگۈن كەچتىلا سالىمنى ئىزدەپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم.

كەچ سائەت سەككىز بولغان چاغ، مەن سامىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەمراھلىقىدا كۆبارەھ تېغىنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلدىم. سامى فانى قەھۋەخانىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى، مەن ھېرىپ كەتتىم، ئۇخلىۋالاي، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنىمىدىم.

سامى بىلەن خوشلىشىپ مېھمانسارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مۇلازىمەتچىنى سالىمنىڭ يېنىغا ئىككىلىك خەت بىلەن ئەۋەتىپ، دەرھال كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئېيتتىم.

مۇلازىمەتچى قايتىپ كەلدى.

سالىم مۇلازىمەتچىنىڭ ئارقىسىدا كۆرۈندى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قارىدى، مېنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرىپ قىلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سوراۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنى ياتاقتا باشلىدىم. ئۇنىڭغا گەپنى ئوچۇقلا قىلدىم، ھەدىسى سامىيە بىلەن ئاكىسى سامىنىڭ كېسەلى ئېغىرلىقى، بىراقلا ئېلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقى، ئۇنۇملۇك داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ ئىككىسىدە مۇشۇنداق كېسەللىك ئالامىتىنى پەيدا قىلغان سەۋەبنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقى، سەۋەبنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى ۋە ئۇلار تۇرغان مۇھىتنى چۈشەنمەي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن بۇ گەپلەردىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزى تەپسىلاتلارنى بايقىۋېلىش ئۈمىدىم بار ئىدى ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچكى ئېڭىدا قېلىپ قالغان، ئىدراكىي ئېڭىدىن خالىي تۇرغان ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇ ئىككىسى بىلمەيتتى. ئەگەر ئۇ تەپسىلاتلارنى بىلەلىسەم، ئۇ ئىككىسىنىڭ كېسىلىنى ساقايتالىشىم مۇمكىن ئىدى.

بۇ ئىش سالىم ئۈچۈن تەسكە توختايتتى. چۈنكى، ئۇ ماڭا كېرەكلىك بولغان بۇ تەپسىلاتلارنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ دادىسى،

ئائىلىسى توغرۇلۇق ئۇزۇن سۆزلىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ ھەدىسى ۋە ئاكىسىدىن ئاڭلىغان مەزمۇنلاردىن ھالقىپ كېتەلمىدى. ئوخشمايدىغان يېرى، ئۇنىڭدا ئاكىسى بىلەن ھەدىسىدەك دادىسىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى يوق، كۆپرەك نەپرەت بار، ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىدا دادىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارايتتى.

ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى نەرسىلەر ئىدى. كېيىن ئۇ ھەدىسىنىڭ گېپىگە كۆچتى.

— دادام ئۇنىڭغا ئامراقلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، سامىيەنىڭ ئاۋازىنىڭ تولىمۇ يېقىملىق ئىكەنلىكىگە ئۇنى ئىزچىل ئىشەندۈرۈپ كەلگەن، — دېدى ئۇ.

مەندە ئازراق ئۈمىد تۇغۇلدى. خۇشاللىقىمدىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم:

— سەن ئۇنىڭ ئاۋازى ياخشى دېمەكچىمۇ؟

سالىم ماڭا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— دادام شۇنداق قارايدۇ، ئۇ ھەتتا سامىيەگە بىيرۇتتىن ناخشىچى تەكلىپ قىلىپ بېرىپ، ھەر يىلى ئۈچ - تۆت ئايدىن مەشىق قىلدۇرغان. دادام ئۇ ناخشىچىغا نۇرغۇن ھەق بەرگەن.

مەن ئارقىدىن سورىدىم:

— سامىيە ئىلگىرى ناخشا ئېيتامتى؟

— توختىماي ئېيتاتتى، پەقەت ئۇخلىغاندىلا جىمىقاتتى.

ئۇ تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ قوشۇپ قويدى:

— ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەمنىڭ سىپرىق تۈكلىرىنى تەتۈر ئۆرۈۋېتەتتى!

— ئاممىۋى سورۇنلاردا ناخشا ئېيتقىنىنى دەۋاتامسەن؟

ئۇ خۇددى مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا گەپ ئاچتى:

— ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا ھەرقانداق ئادەم چىداپ تۇرالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلدى:

— راست، ئۇ ئاممىۋى سورۇندىمۇ ناخشا ئېيتقان. بىز لىۋاندىكى ۋاقىتتا دادام ئۆزىنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتتە ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتقۇزغان.

مەن دەرھال سورىدىم:

— ئۇلار سامىيەگە چاۋاك چالغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساختىپەز، دادامنىڭ پۇل - دۇنياسىنى سوقۇشنىڭ كويىدا يۈرگەنلەر. زىياپەتلەرمۇ شۇ مەقسەتتە ئۆتكۈزۈلگەن. دادامنىڭ قىزى ناخشا ئېيتىۋاتسا، ئۇلار چاۋاك چالماي تۇرالايتتىمۇ؟ ئۇ قاراقچىلار دادامنىڭ پۇل - دۇنياسىنى بۇلاپ تۈگەتتى !

— لىۋاندىكى گېزىتلەرگە سامىيەنىڭ سۈرىتى بېسىلغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە. ئۇلار بەزىدە سامىيەنى ئافرىقا ناخشىچىسى دېسە، بەزىدە مۇھاجىر ناخشىچى دېدى، يەنە بەزىدە كىچىك ناخشىچىمۇ دېدى. تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەن يېرى، ژۇرناللارغا ماقالە يېزىپ يۈرىدىغانلار ئارىسىدىكى بىر ساختىپەز سامىيەنىڭ ئاۋازىنى ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ماختىدى. ئويلاپ باققىن، دادام ئۇ بىرنېمىلەرگە مەردلىك بىلەن پۇل بەرمەي تۇرالامدۇ؟

— سامىيە ئۇ چاغدا قانچە ياشتا ئىدى؟ — سورىدىم مەن.

— ئون ياش.

— ئۇ ھازىرمۇ ناخشا ئېيتامدۇ؟

ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ جاۋاب بەردى:

— ياق.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، دادام ئۆلگەندىن كېيىن مەن ئۇنى ناخشا ئېيتىشتىن چەكلىدىم.

مەن پاراڭ مەزمۇنىنى خاتىرەمگە چۈشۈرۈۋېتىپ سورىدىم:

— ئۇنى نېمىشقا ناخشا ئېيتىشتىن چەكلىدىڭ؟

ئۇ مېنىڭ بۇ سوئالىنى قويۇشتىكى مەقسىتىمنى چۈشىنەلمەي، سەل خاپا بولغاندەك قىلدى:

— چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بالا ـ قازالارنى ھېس قىلمىدى، بىزنىڭ ۋەيران بولغىنىمىزنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى. ئۇ دادام ھايات چاغدىكىدەك ياشاۋاتاتتى، كۈنبويى ناخشا ئېيتاتتى، ئۇمم كۇلسۇم ۋە ئابدۇۋەھابلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى، بىر قىلىلىق ئىش قىلمايتتى. ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلمايتتى، تاماق ئېتىشتىن بىزار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئۇنى ناخشا ئېيتىشتىن چەكلىدىم. ئۇ بىز بىلەن بىللە ئىشلىشى، ياشاش ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە ئاش ـ تاماقنىڭ غېمىنى قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەڭ بولمىغاندا، بىزگە خىزمەتكارنىڭ چىقىمىنى بولسىمۇ تېجەپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇنىڭ لىۋان يەرلىك تىلىدا سۆزلەۋاتقان ئاۋازى تامنى بۆسۈۋېتىدىغاندەك كۈچلۈك ئىدى:

— بىر كۈنى، ئۇ ئۆيدىكى جاھازلارنى ساتقىلىۋاتقاندا ئۈستىگە مەن چۈشۈپ قالدىم. ئۇ جاھازلارنى سېتىپ نېمە قىلماقچىكەن دېمەمسەن؟ بېيرۇتتا نەشر قىلىنىدىغان بەزى سەنئەت ژۇرناللىرىنى پۇل ئەۋەتىپ ئالدۇرماقچىكەن.

— ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قانداق قىلدىڭ؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇردۇم.

— ئۇنى ناخشا ئېيتماسلىققا قانداق قايىل قىلدىڭ؟

ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:

— ئۇرۇپ بويسۇندۇردۇم، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇردۇم. بىر قېتىم بېشىنى يېرىۋەتتىم، يەنە بىر قېتىم كالپۇكىنى يېرىۋەتتىم، مەن ئۇنى جىنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇردۇم، ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قورساقتا بىرنەرسە ئالغۇدەكمۇ پۇل قالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى قوللاش تەرىپىدىن ئېغىز ئاچمىدىم.

— قارىسام سامىيە ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسىلا يىغلايدىكەن، بىرئاز ئەسەبىيلىشىدىكەن، — دېدىم مەن، — دائىم شۇنداق بولامدۇ؟

— ھەئە، ھەر قېتىم شۇنداق بولىدۇ.

— مۇنداق ئەھۋال قاچان باشلانغان؟

— دادام ئۆلۈپ خېلى يىللاردىن كېيىن. دادام ئۆلگەندىن كېيىن مەن دادامنىڭ بارلىق پىلاستىنكا، ژۇرنال، ئەرەب تىلىدىكى گېزىت ۋە شېئىرلار توپلاملىرىنى يىغىپ بىر ئىشكاپقا سولىۋەتكەن، ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى يېنىمغا سېلىۋېلىپ، ئۆيدىكى ھېچقانداق ئادەمگە ئۇنى ئاچقۇزمىدىم. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا ياردەملىشىشىگە تەسىر يەتكۈزەتتى. مەن ئۇلارنى يېڭى كەلگەن مۇھاجىردەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، تۇرمۇشىمىزنى باشقىدىن باشلىماقچىدىم. يېڭى كەلگەن مۇھاجىرلار ۋاقتىنى ئۇنداق ناخشا ئاڭلاش، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈش ۋە شېئىر يېزىشقا ئىسراپ قىلمايدۇ. شېئىر ... شېئىر نىمىگە ئەرزىيدۇ؟ ئۇ جانغا ئەسقاتمايدىغان نەرسە.

ئۇ خۇددى غەزەپ ئوتىنى شائىرنىڭ يۇزىگە پۈركۈمەكچى بولغاندەك، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، ئاندىن ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ياق خېلى يىللاردىن كېيىن، مەن سامىيەنى ناخشا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ كەتتى دەپ ئويلىدىم. بىر كۈنى، مەن ئىشكاپنى ئېچىپ ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىماقچى بولدۇم. مەن پاتېفون تەخسىسىنى ئەمدىلا پاتېفون ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، سامىيەنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ئاۋازى چىقىش بىلەن ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، كېيىن ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى، ئاخىرىدا يۈگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— سەن قانداق قىلدىڭ؟ — سورىدىم مەن.
— ھېچقانداق قىلمىدىم، سامىيەنى ئىبلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلىدىم. سەن بىزنىڭ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كەلگەندە ئۇمۇ كۆلسۈمنىڭ ناخشىسىنى قويۇپ بېرىشىم ئۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىنى ساقايتىۋېتىشى ئۈچۈن ئىدى ... لېكىن سەن بۇ مەسىلىلەرنى نېمىشقا سورايسەن؟
مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم.
— مانا بۇ سامىيەدىكى پسىخوپاتالوگىيە، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
سالىم ھەيران بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى.
— بۇ قانداق گەپ؟
مەن سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈردۈم:
— بۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى تۇراقسىزلىقنىڭ سەۋەبى. ھەددىڭنىڭ باللىق ۋاقتى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك چۈش ئىچىدە ئۆتكەن، خام خىيال ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەربىر مىنۇتلىرىنىچە كونترول قىلىۋالغان. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇمۇ كۆلسۈم ياكى لەيلا مۇرادتەك دۇنياغا مەشھۇر ناخشىچى بولۇشنى خىيال قىلغان، باماكودەك بۇ نامسىز كىچىك شەھەردىن كېتىپ، بېيرۇت ياكى قاھىرەدەك چوڭ شەھەرلەردە ياشاشنى خىيال قىلغان. ئۇ ناخشا ئېيتقان، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرغان، گېزىتلەرگە ئۇنىڭ سۈرىتى بېسىلغان؛ داداڭ ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ خىياللىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان؛ شۇنىڭ بىلەن سامىيە بۇ ياسالما رېئاللىق ئىچىدە ياشىغان. ئۇ كىشىلەر ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىشلىرىنى ئاڭلىغان، گېزىتلەردە ئۆزىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرگەن؛ لېكىن سەن بولساڭ ئۇنى بۇ رېئاللىق ئىچىدىن تارتىپ چىققان. شەكسىزكى، سامىيە سەن بىلەن ئىبلىشماقچى بولغان، لېكىن كۈچ ئىبلىشالمىغان. ئۇنىڭ خىياللىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، باماكودا ئۇنىڭ

ناخشىلىرىنى ئالقىش ياڭرىتىپ ئاڭلايدىغان تاماشىبىن يوق. ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى باسىدىغان گېزىت يوق. ئۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلغان. ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭغا شان ـ شەرەپ ۋە نام ـ ئابرۇيدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن، مۇشۇ شەھەردە مەنىسىز ياشاپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرغان. ئۇنى خىيالىي دۇنياغا ئېلىپ بارىدىغان ھېچقانداق نەرسە بولمىغان، ئۇنى بىيرۇت بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ھېچقانداق يىپ بولمىغان. سەن ئۇنى ئۇرغان، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا قورقۇش پسىخىكىسى پەيدا بولغان. ئۇ ئالدى بىلەن سەندىن قورققان، ئاندىن قالسا ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن قورققان. ئۇ خىياللىرىنى ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىق دەپ قارىغان. لېكىن، ۋەھىمە خام خىياللارنى ئىچكى ئاڭغا كىرگۈزۈۋەتكەن. بۇ خام خىياللار رېئاللىق سۈپىتى بىلەن ـــ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى رېئاللىق سۈپىتى بىلەن تاشلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭى ياشايدىغانغا باشقا رېئاللىق تاپالمىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىدراكىي ئاڭ ئىچكى ئاڭغا تەسلىم بولۇپ، بۇ خىيالىي رېئاللىق ئىچىدە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئىدراكىي ئاڭ بۇ رېئاللىق بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلىشىشقا ئامالسىز قالغان. ئىدراكىي رېئاللىق سەندىن قورققان، تاياق يېيىشتىن قورققان. ئۇ ئاجىز بولغاچقا، ئىچكى ئاڭنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغان مەھبۇس بولۇپ قالغان. ئۇ ياشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆسمىگەن، ئۇ سامىيە ئون ياش ۋاقتىدا بىيرۇتتا تاماشىبىنلار ئالدىدا ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ياسقۇچتا توختاپ قالغان. لېكىن، مەن ساڭا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇ بۇ رېئاللىققا يۈزلىنەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ رېئاللىققا ئېتىبار قىلمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان. سامىيە تاماشىبىنلار ئالدىدا ناخشا ئېيتقان ئاشۇ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا ئۇ رېئاللىقنىڭ چۆرىسىدە ياشىغان. بۇ رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت

قىلالمىغان، چۈنكى ئۇ سىنىڭدىن قورققان. شۇڭا، سامىيە بىرونتا ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ۋاقىتلىرىنى سۆزلىگەندە، بارلىق تەپسىلاتلارنى ئەسلىيەلىگەن، پەقەت ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغۋار خىياللىرىنىلا ئەسلىيەلمىگەن. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ ئېسىدە يوق. كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئالقىش ياغدۇرغىنى ئېسىدە يوق، گېزىتلەردە سۈرىتى بېسىلغانلىقى ئېسىدە يوق. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئازراقمۇ ئېسىدە يوق. سىنىڭ تايىقىڭدىن، رەھىمسىزلىكىڭدىن قورققاچقا، ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭى باشقا خام خىياللىرى ئىچىدىن قېچىپ كەتكەن.

سالىم مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنى ئازراقمۇ چۈشەنگەندەك قىلمايتتى. ئۇ سوئال تاشلىدى:

— لېكىن، ئۇ ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندا نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ، نېمىشقا روھىي جەھەتتىن بىراقلا تۇگىشىپ كېتىدۇ؟

— چۈنكى، ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشىلىرى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىن — ھېسسىياتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئەمەس، سىرتقى قىسمىدىن ئۇنىڭغا يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىدراكىي ئاڭ بىلەن ئىچكى ئاڭنىڭ ئېلىشىشىنى قايتىدىن كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىدراكىي ئاڭ ئىچكى ئاڭنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشا ساداسىغا ئەگەشمەكچى بولغان، چۈنكى بۇ ناخشا ساداسى ھەقىقىي، پاتېفون تەخسىسىدىن چىقاتتى، خىيالىي نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن، سامىيە بۇ ئېلىشىشتا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ روھىي جەھەتتىن تۇگىشىپ كەتكەن.

ئېنىقكى، سالىم گەپلىرىمنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدى. ئۇ ھەيرانلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ئەگەر ئاشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرغانلىقىم كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا، گۇناھىمنى يۇيۇشقا، ئۇنىڭغا

كۆيۈنۈپ، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ بېرىشكە رازى.

— بۇ كۇپايە قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ سەندىن كېلىدىغان ۋەھىمە ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقسا قانداق ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟

— ئۇنىڭ ئىچكى ئېڭى ئىدراكىي ئاڭ ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا سامىيە كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىنى ئۇمم كۇلسۇم دەپ بىلىدۇ، كۆرگەنلا يەردە ناخشا ئېيتىدۇ، كوچىلاردا، ئۆيدە، ئىشقىلىپ ئالدىدا ئادەم بولسىلا، ئۇمم كۇلسۇم بولۇپ ناخشا ئېيتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇمم كۇلسۇم دەپ قاراۋاتقانلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ.

سالىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش لىغىلداپ تۇراتتى.

— قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ، — قانداق داۋالىغاندا ئۇنى تولۇق ساقايتقىلى بولىدۇ؟

— بۇنىڭغا هازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، ئۇنى بىز تولۇق ساقايتالمايمىز. ئۇ ئۆزى بىزگە ياخشى ماسلىشىپ بەرسە، ئۆزىنى ئۆزى تولۇق ساقايتالايدۇ.

سالىم بېشىنى يەرگە قىلىپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇھ تارتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بىردەمدىلا قېرىپ كەتكەندەك ئىدى.

— ئەمدى قايتايمىكىن؟ — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە.

— بىردەم ئولتۇرغىن، — دېدىم ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — يەنە سامىيەنىڭ ئىشى بار، بىز ئۇنىڭ كېسەللىك تۈگۈنىنى تېخى يەشمىدۇق.

— كېچە سائەت بىر بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ هارغىن هالدا، — چارچاپ كەتتىم!

— سامى ئۈچۈن غەيرەت قىلغىن، — دېدىم مەن، — ساڭا چاي ئەكىرگۈزۈپ بېرەي.

سالىم ئۈن - تىنسىز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. مەن

ياتاقتىن چىقىپ كۈتكۈچىگە چاي ئەكىرىپ ساقلاپ قويغان پىرەنىكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم:

— مىسىرنىڭ پىرەنىكى.

سالىم ئېرىنچەكلىك بىلەن قولىنى سوزدى. ئۇ مىسىر دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغاندا ھەدەپ ـ ئاكىلىرىغا ئوخشاش خۇشال بولغاندەك قىلمىدى. ئۇ پىرەنىكتىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋېتىپ دېدى:

— سامى توغرۇلۇق ھەممە ئەھۋالنى ساڭا سۆزلەپ بەرگەن.

— ياق، ھەممىسى ئەمەس، — دېدىم مەن، — سەن چۈشۈرۈپ قويغان باشقا تەپسىلاتلار چوقۇم بار.

سالىم جىمىپ كەتتى، ئۇ ئەسلەشكە تىرىشىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئەسلىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تۇيۇقسىز بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

— ئاپاڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟

ئۇ ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى، بۇ مەسىلىنى سورىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئىدى. كېيىن كۆزلىرىنى يەرگە ئېلىپ جاۋاب بەردى:

— بىزگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى.

ئۇ پىرەنىكتىن بىر چىشلىگەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— سامى ساڭا ئاپام توغرۇلۇق نېمىلەرنى سۆزلەپ بەردى؟

مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولغاندەك كۈلۈپ قويدۇم.

— ياق، ئۇ ھەممە نەرسە توغرۇلۇق سۆزلىدى، پەقەت ئاپىسى توغرۇلۇقلا سۆزلىمىدى، شۇڭا سەندىن سوراۋاتىمەن !

سالىم بېشىنى يەرگە قىلىپ جىمىمدە ئولتۇرۇپ كەتتى، پىرەنىك يېيىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كېيىن ئۇ گەپ باشلىدى:

— بەلكىم ئاپام بىزگە قارىغاندا سامىنى قاتتىقراق تۇتقان بولسا كېرەك. لېكىن، ئاپام باغرى قاتتىق ئاياللاردىن ئەمەس. ئۇ

ئەڭ ياخشى ئايال، ھەقىقەتەن بىر ئۈلگىلىك ئايال. ئەگەر دادام ئىشلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قويۇپ بەرگەن بولسا، بىز ۋەيران بولمىغان بولاتتۇق. ئاپام بىزنىڭ ئاخىر تۈۋى ۋەيران بولىدىغىنىمىزنى بىلەتتى، شۇڭا دادامنىڭ پۇلنى بۇزۇپ ـ چاچىدىغانلىقىنى، ئۆز بېشىمچىلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى، ئۇنى توسۇيتتى.

مەن سالىم بىلەن سامىنىڭ ئاپىسى توغرۇلۇق سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزىدا زور پەرق بارلىقىنى بايقىدىم.

سالىم ئاپىسىنى ياخشى كۆرەتتى، دادىسىنى مەنسىتمەيتتى.

سامى دادىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئاپىسىنى مەنسىتمەيتتى.

مەن بۇ قارىشىمنى خاتىرەمگە چۈشۈرۈپ، ئاستىغا ئىككى سىزىق تارتىپ قويدۇم.

مەن سالىمغا يەنە سوئال قويدۇم:

— ئاپاڭ سامىنى نېمە ئۈچۈن قاتتىق تۇتىدۇ؟

سالىمنىڭ چىرايى سەل ئۆزگەردى، ئاپىسىنى ئاقلاۋاتقان تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتى:

— چۈنكى، سامىنىڭ مىجەزى ئوسال، ئۇ ساراڭ، دائىم ئاپامنىڭ زىتىغا تېگەتتى. ئۇ نېگىر بالىلار بىلەن يوللاردا، توپىلىقلاردا بىللە ئويناپتتى. ئاپام ئۇنى مەدەنىي ئادەمدەك يۈرسۇن دەپ، ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى تىكىپ بېرەتتى، لېكىن ئۇ بۇ كىيىملەرنى كىيىپ، نېگىر بالىلار بىلەن توپىغا مىلىنىپ ئويناپتتى.

مەن بىر يىپ ئۈچىنى تۇتۇۋالغاندەك بولدۇم.

— ئۇ نېگىر بالىلار بىلەن ئوينامتى؟ — سورىدىم مەن، — ماڭا مۇشۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگىن!

سالىم بېشىنى ئارقىسىغا تاشلىدى. قولى بىلەن پېشانىسىنى بېسىپ ئەسلەشكە باشلىدى:

— سامى نېگىرلار بىلەن ئويىنىغاندا بەك ئەسكى بولۇپ كېتەتتى، ئۇلارنى ئۇراتتى، — دېدى ئۇ، — بىر قېتىم ئۇ بىر

نىگىر بالىنىڭ قولىغا پىچاق تىقىۋەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ نىگىر باللار ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆيدىن شاكىلات، تاتلىق ـ تۈرۈم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاچىقىپ نىگىر باللارغا بېرەتتى. بىراق، ئۇ بەزىدە شۇنداق قەبىھ دەرىجىگە بېرىپ يېتەتتى.

سالىم گەپتىن توختاپ قالدى.

مەن ئارقىدىن يەنە بىر مەسىلىنى سورىدىم:

— نىگىرلارنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا قانداق قارايتتى؟ ئۇلار سامىنىڭ ئۆز باللىرىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، رەھىمسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە قانداق قىلاتتى؟

— ئۇلار پۈتۈنلەي ئامالسىز ئىدى. سامى ئاق تەنلىك، غوجايىنىنىڭ ئوغلى، نىگىرلار ئۇنىڭغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى ...

سالىم باشقا بىر ئىشنى ئەسلەپ قالغاندەك توختاپ قالدى، كېيىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك ئالدىرىماي سۆز باشلىدى:

— ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر نىگىر ئايال بار ئىدى، دائىم سامى ئويناۋاتقان يەرگە بېرىۋالاتتى. ئۇ سامىنى چاقىرسا، سامى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئايال سامىغا نىگىر باللار ئوينايدىغان قورچاق دېگەندەك ئويۇنچۇقلارنى بېرەتتى. ئۇ بەزىدە سامى بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلىشىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا سامى ئادەتتىكىگە ئوخشىماي، ئۇنىڭ يېنىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ گېپىنى ئاڭلايتتى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭدىن نىگىر ئايال توغرۇلۇق سورىسام، ئۇ قىلچە ئېتىبار قىلمايلا، ئۇنى تونۇمايمەن، دەپ جاۋاب بەردى. ئايال سامىغا نىگىرلارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. ئۇ چاغدا سامى دائىم مالى پادىشاھلىقىنى قۇرغۇچى سۇندىياتا توغرۇلۇق ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ يۈرەتتى. رىۋايەتتە بەدىنىنى راخت كېسەللىكى چىرماپ تۇرغان بىر بالىنىڭ ئورماندىكى ياۋايى

ھايۋانلارنى ۋە ئۆز قەبىلىسىنىڭ دۈشمەنلىرىنى قانداق يەڭگەنلىكى، بارلىق قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ پادىشاھلىق قۇرۇپ، فىرانسىيەلىكلەر بىلەن ئون يىل قانداق ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى سۆزلىنەتتى.

سالىم بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ قوشۇپ قويدى:

— ئۇ غەلىتە ئايال ئىدى.

مەن سىناش تەرىقىسىدە سورىدىم:

— داداڭ ئۇ ئايالنىڭ ئىشىنى بىلەمتى؟

— بىر كۈنى، مەن دادامنىڭ ئالدىدا ئۇ ئايالنىڭ گېپىنى چىقاردىم، — دېدى سالىم، — چۈنكى مەن سامى بىلەن سوقۇشۇپ قالغانىدىم. خىيالىمدا ئۇ ئايالنىڭ گېپىنى چىقارسام، دادام سامىنى ئۇرۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

— داداڭ قانداق قىلدى؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى، ئۇ ئايالنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ بېقىشقا بىر ئادەمنى ئەۋەتتى.

مېنىڭ زادى قانداق بولغانلىقىنى بىلىش ئىستىكىم تېخىمۇ كۈچەيدى.

— كېيىنچۇ؟

— ھېچقانداق ئىش بولمىدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دادام ماڭا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۆيدە خىزمەتكار بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ سامىغا قارىغانىكەن، كېيىن ئىشتىن بوشىتىلىپتۇ. شۇڭا، ئۇ سامىنى ياخشى كۆرىدىكەن، دائىم كۆرۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

— ئاپاڭ بۇ ئىشقا نېمىلەرنى دېدى؟ — سورىدىم مەن.

سالىم مېنىڭ نېمىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئاڭقىرالماي ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— ئاپاممۇ ئوخشاش گەپ قىلدى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىرەر ئىش بايقىمىدىڭمۇ؟

ئۇ سەل ئويلىنىۋالدى.

— ھېچ نەرسە بايقىمىدىم. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن نېگىر ئايال سامى ئوينىۋاتقان يەرگە كەلمەيدىغان بولدى. ئۇ دادام تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن ئادەمدىن قورققان بولسا كېرەك.

سالىم يەنە جىمىپ كەتتى.

بىرپەستىن كېيىن، مەن پاراڭلىشىش جەريانىدا بايقىغان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولدۇم. لېكىن، ئىككىلىنىپ قالدىم. مەن ئۆزۈم بايقىغان نەرسىنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىگە تېخى تولۇق ئىشەنچ قىلالمايتتىم. تولۇق ئىشەنچكە ئېرىشىشىم ئۈچۈن يەنە بەزى تەرەپلەرنى ئېنىقلىۋېلىشىمغا توغرا كېلەتتى.

— داداڭ ئاپاڭ بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئافرىقىدا تۇرۇۋاتقىنىغا قانچە يىل بولغان؟

سالىم ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى، مېنىڭ بۇ سوئالنى نېمىشقا سوراۋاتقانلىقىمنى چۈشىنەلمىدى. كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاب بەردى:

— ئون يىلدىن ئاشقان.

مەن ئۆلاپلا سورىدىم:

— داداڭنىڭ ئۆڭى ئاقمۇ ياكى قارامتۇلمۇ؟

سالىمنىڭ چىرايىدا تېخىمۇ ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. ئۇ سەل خاپا بولغاندەك ماڭا سوئال قويدى:

— نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن بۇ تەرىپىنى سورايسەن؟

— جاۋاب بېرىشكنى ئۈمىد قىلىمەن! — دېدىم سالماقلىق بىلەن.

سالىم خۇددى بىرەر ھەرىكەت قوللانماقچى بولغاندەك ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئاق، ئاپپاق ئىدى، مېنىڭ تېرەمنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش. بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتىم:

— قارىسام سامىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى سامىيەنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. سامىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى قوڭۇر!

سالىم ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ، ماڭا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— سىنىڭ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭنى ئەمدى چۈشەندىم! ساڭا ئىنىق ئېيتىپ قوياي، بۇ پەرىزىڭ خاتا، يۈزدەيۈز خاتا! مەن كىچىك ۋاقتىمدىمۇ دادامنى بىر نېگىر ئايال بىلەن توي قىپتىكەن، دېگەن ئەيقاچتى گەپلەرنى ئاڭلىغان. لېكىن، بۇ گەپلەر راست ئەمەس، ئەينى چاغدا ئۆزلۈكىدىنلا بېسىقىپ كەتكەن!

مەن يەنىلا سالماقلىق بىلەن سورىدىم:

— ئۇنىڭ ئەيقاچتى گەپ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەمسەن؟

— جەزملەشتۈرگەندىمۇ ئېنىق جەزملەشتۈرەلەيمەن، — دېدى ئۇ، — ئافرىقىغا بويتاق كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئەيقاچتى گەپلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بويتاق مۇھاجىرلارنىڭ نېگىرلار بىلەن ئارىلىشىپ قالغان يەرلىرى باردۇ، لېكىن ئۇلار ھەرگىز نېگىرلار بىلەن توي قىلمايدۇ. ھېچقانداق ئادەمنىڭ دادام ئۆلگەندىن كېيىن نامىنى بۇلغىشىغا يول قويمايمەن.

مەن سالماق ھەم قەتئىيلىك بىلەن ئېغىز ئاچتىم:

— مېنىڭ داداڭنىڭ نامىنى بۇلغاش نىيىتىم يوق. مەن باشقا يەرلىك، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ يەردە مېنىڭ سايەمنىمۇ كۆرەلمەيسەن. مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم سامىدا بۇ خىل ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبنى بىلىش. شۇندىلا ئۇنى داۋالاپ ساقايتىش ئىمكانىيىتى بار.

سالىم چۈشەنمىگەندەك ماڭا قارىدى، سەل ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ ئورنىدا قايتا ئولتۇردى. چىرايىنى غەزەپ باسقان، نەپىسى ئىتتىكلەپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئۆزىنى سالماق كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ئېغىز ئاچتى:

— دوختۇر، ماڭا ئىشەن، سىنىڭ ئويلىغانلىرىڭ ئەمەلىيەتتىن بەكلا يىراقلاپ كەتتى. ئاكام سامى مېنىڭ ئاتا ـ ئانامدىن بولغان بالا، ئاپام ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن دەپ قاتتىقلىق

قىلغان، بۇ ئۇنىڭ ئۆز بالىسى بولمىغانلىقىدىن ئەمەس. سامى ئاغرىپ قالسا، ئاپام شۇنداق تىپىرلاپ كېتەتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىتىپ ـ قوپۇپ ئۆزى داۋالايتتى، ئۇ ساقايمىغۇچە يىنىدىن ئايرىلمايتتى. بىر ئايال كىشى ئۆزىنىڭ باغرىنى يىرىپ چىقمىغان بالىغا ھەرگىز مۇنداق قىلمايدۇ. سامى مىنىڭ ئاكام، مىنىڭ ئاتا ـ ئانامدىن بولغان قىرىندىشىم، بۇنىڭدىن مەن ھىچقاچان گۇمانلىنىپ باققان ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئۆز قىرىندىشىم بولمىغان بولسا، بۇنى مەن بىلگەن بولاتتىم، ئەڭ بولمىغاندا يۈرىكىم تۇيغان بولاتتى.

سالىم سەمىمىي، قىزغىن سۆزلەۋاتاتتى. مىنىڭ بۇ بايقاشنىڭ راستلىقىغا بولغان ئىشەنچىم تەۋرىنىشكە باشلىدى. مەن سامىنى داۋالاشقا باشلاشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ كىسەللىك ئەھۋالى توغرۇلۇق ئىنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشۇم كىرەك ئىدى. ئەگەر مەن ئالغان بىرىنچى قەدەم خاتا ھۆكۈم ئۈستىگە بىسىلسا، ئۇ چاغدا ھىچقانداق نەتىجىگە ئىرىشەلمەيمەن، تىخى سامىغا زىيانكەشلىك تەرىپىگە ئايلىنىپ، ئۇ ھازىرقىدىنمۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىشى مۇمكىن.

ئاريدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. مەن توختىماي پىكىر يۈرگۈزەتتىم، توختىماي تاماكا چىكەتتىم. سالىم خۇددى دادىسى ئۈستىدىكى ھۆكۈمنى — گۇناھسىزلىقىنى ياكى ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغانلىقىنى كۈتۈۋاتقاندەك، مىنىڭ ئاغزىمغا قاراپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز، كاللامدا يىڭى بىر خىيال پەيدا بولدى.

مەن تىخىمۇ جىددىي ھالدا سورىدىم:

— بىز ئورماندا سامىنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھىلىقى نىگىر قىز ئىسىڭدىمۇ؟

سالىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن دىدى:

— بىندا!

— بۇ ئۇنىڭ ئىسمىمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ھەئە، بىندا، ئۇ كاباكانىڭ ئىككىنچى قىزى.
مەن قىزىقىپ سورىدىم:
— كاباكا دېگىنىڭ كىم؟
— ئۇ قەبىلىنىڭ ئاتامانى، ئىسمى كاباكا.
— سامى بالا ۋاقتىدا ئۇنىڭغا نېگىرلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى نېگىر ئايال ئېسىڭدىمۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى ئەسلىيەلەمسەن؟
سالىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:
— ھەئە، ئەسلىيەلەيمەن.
— ئۇ ئايال بىلەن كاباكانىڭ قىزى بىندا ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق تەرەپلەر بار دەپ قارامسەن؟ ھەرقانداق ئوخشاشلىق تەرەپ، كىچىككىنە بولسىمۇ مەيلى.
سالىم گاڭگىراپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بىرنېمە دېمىدى. ئۇ چوقۇم ئىككى چىراي — بىندا بىلەن يەنە بىر نېگىرنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ سېلىشتۇرۇۋاتىدۇ.
كېيىن ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئېغىز ئاچتى:
— توغرا، ئوخشايدۇ، ناھايىتى ئوخشايدۇ! بۇنى سەن قانداق بىلدىڭ؟
مەن كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردىم:
— بىلمەيمەن، بۇ مېنىڭ پەرىزىم!
سالىم چىرايىمدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي تۇراتتى، بىرپەستىن كېيىن ئامالسىز ئەھۋالدا قالغاندەك بېشىنى يەرگە قىلدى، پاكىتنىڭ يىپى بويىندىن بوغۇشقا باشلىغانلىقىنى سەزگەندەك ئىدى.
مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم:
— مەن بىندا بىلەن كۆرۈشىمەن!
ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى:
— نېمە ئۈچۈن؟

— سامى ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈشۈم كېرەك ! — دېدىم قەتئىيلىك بىلەن.
ئۇ بېشىنى يەرگە قىلىپ باش لىڭشىتىپ قوشۇلدى.
— مەن كاباكا بىلەنمۇ كۆرۈشىمەن ! — دېدىم ئارقىدىنلا.
سالىم يەنە باش لىڭشىتتى، لېكىن گەپ قىلمىدى. ئۇ ئورنىدىن تولىمۇ ئاستا تۇردى، بىر دەمنىڭ ئىچىدە خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك ئىدى.
— ئەتىگەن سائەت سەككىزدە بۇ يەرگە كېلەي، — دېدى ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە، — ئىككىمىز بىللە ئورمانغا بارايلى.
— هازىر كېچە سائەت ئۈچ بوپتۇ، سائەت ئوندا كەلگىن، — دېدىم سائىتىمگە قاراپ، — داۋاملىق ئىشلىشىم ئۈچۈن ياخشىراق بىر ئۇخلىۋېلىشىم كېرەك، ئەتىكى ئىشىمىز جاپالىق.
ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، گەپ قىلمىدى.
سالىم كەتكەندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلىدىم. مېنىڭ مېڭەم ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ پىسخوپاتالوگىيە — ئاق تەنلىكلەر بىلەن نېگىرلارنىڭ پىسخوپاتالوگىيەسىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى.

## 6

سالىم سائەت دەل ئون بولغاندا ياتىقىمغا كەلدى. ئۇ كېچىچە ئىشىكىم تۈۋىدە تۇنىگەندەك، سائەت دەل ئونغا داڭ ئۇرۇشىغا ئىشىكنى چەكتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرى كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، پەقەت غۇدۇرىغاندەك غۇۋا ئاۋازدا ئەھۋال سوراپ قويدى، ئاندىن ئۈن ـ تىنسىز بېرىپ ئولتۇردى، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە مېنىڭ كىيىم كىيىشىمنى ساقلىدى.
ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئازابنىڭ سەۋەبى ماڭا ئايان. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسىلە سامىدا ئەمەس، دادىسىدا ئىدى. دادىسى نېگىر ئايال بىلەن توي قىلغانمۇ؟ مەن پەرەز قىلغاندەك،

سامى نېگىر ئايالدىن بولغان بالىمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر.

سالىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بۇ دادىسىنىڭ نامىغا ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا بېرىپ چېتىلاتتى. ئافرىقا جەمئىيىتىدە نېگىرلار بىلەن توي قىلغان ئاق تەنلىكلەر ھاقارەتلىك ئورۇندا تۇراتتى.

مەن سالىمغا تەسەللى بەرمىدىم. ماڭا ئايان، بىردىنبىر ئامال ئەمەلىيەتنى ئىككىمىز بىللە ئېچىش.

مەن بېشىمغا ستانلېيچە قالپاقنى كىيدىم، ئاندىن سالىمغا ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنى قولتۇقلىدىم. ئىككىمىز مېھمانسارايدىن چىقىپ ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقتۇق، قەبىلە ئاتامانى كاباكا ۋە ئۇنىڭ قىزى بىندا بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئورمانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

كۇندۇزدىكى ئورمان ئىپتىمۇ تىنچ، خۇددى جان ـ جانىۋارلار كەچتىلا قاينايدىغاندەك. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئىپتى ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرگەندەك ئەمەس، ئۇلار ئالدىرىماي، تىنىشسىز مېڭىپ يۈرىدۇ. ئۇلار خۇددى كۇندۇزنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەك، ئاشۇ كۈنى كېچىدە ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدىكى قايناق مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ يوق.

كۇندۇز بولغاچقا ئورماندىن قورقمايتتىم، لېكىن يۈرىكىمنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقىنى، بۇ ئورماندا تولىمۇ قۇدرەتلىك بىر نەرسە مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى. ئۇ گويا مېنى ماشىنىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئورماننىڭ ئايىغىغا، چەكسىز يىراققا، كىشىلەرگە تىلسىم بولغان مەخپىيەتلىك يېنىغا ئېلىپ بارىدىغاندەك ئىدى. سەن دەريا سۈيىگە بىردەم قاراپ تۇرساڭ شۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالىسەن، سۇنىڭ ئىچىگە سەكرىگۈڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن؛ چەكسىز كەتكەن قۇملۇققا قاراپ تۇرساڭمۇ قۇم ئىچىگە سىڭىپ كېتىش خىيالىدا بولۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن. يەر شارىنىڭ مەنىۋى تارتىش

كۈچى ماددىي تارتىش كۈچىدىن كەم ئەمەس.

سالىم ماشىنىنى جىمجىت ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ. مەن يول بويىدىكى ھەربىر دەرەخكە نەزەر تاشلاپ كېتىۋاتىمەن، خىيالىمدا دەرەخ ئارقىسىدىن بىر شىر ياكى بىر پىل، ئەڭ بولمىغاندا بىرەر مايمۇن بولسىمۇ چىقىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، ئۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، پىكرىمنى سامىيە بىلەن سامىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا مەركەزلەشتۈردۈم.

مەن سامىيەدە پىسخوپاتالوگىيەنى بايقىدىم، بەلكىم بۇ ئافرىقىدىكى بارلىق مۇھاجىر قىزلاردا بار بولغان پىسخوپاتالوگىيەدۇر. بۇ ئاق تەنلىك قىز ئۆزىنىڭ تار، قالاق بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، بۇ جەمئىيەت ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان ۋە مەدەنىيلىكىنى قاندۇرالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى يىراق دۇنيانى، كەڭ دۇنيانى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ دۇنياسىنى خىيال قىلىدۇ. ئۇ دائىم ئاشۇ يىراق دۇنيانى بۇ تار دۇنياغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇ ئارزۇدا ئاشۇ دۇنيانىڭ زامانغا ئەڭ لايىق كىيىنىشلىرىنى ئەڭ يېڭى ناخشىلىرىنى، ئەڭ يېڭى ئۇسسۇللىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئۇ تەرەپنىڭ خەۋەرلىرىنى تەشنالىق بىلەن كۈتىدۇ، ئىسسا قاۋاقخانىسىنى پارىژ ۋە قاھىرە قىزلىرىغا قارىغاندىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. مانا بۇلار ئۇنىڭ پىسخوپاتالوگىيەلىك ھالىتىنى ساقايتىش ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

تۇرۇۋاتقان مۇھىت سەۋەبىدىن، سامىيەدىكى پىسخوپاتالوگى ـ يەلىك ھالەت باشقىلارنىڭكىدىن خېلىلا ئېغىر، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ـ نىڭ مىجەزى تەرەققىي قىلمىغان، يېشى يىگىرمىدىن ئاشقان بولسىمۇ، مىجەزى ئون ياش ۋاقتىدىكى ھالەتتە توختاپ قالغان.

موھىمى:

مەن تۆت كۈن ئىچىدە سامىيەنى بۇ خىل كېسەللىك ئىچىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى بىلمەيمەن. بۇ تۆت كۈن باماكودىن

كېتىشتىن ئىلگىرىكى پۈتۈن ۋاقتىم ئىدى. يەنە سامى بار.

ئۇنىڭدا پسىخوپاتالوگىيەنىڭ پەيدا بولۇشى ئاساسەن ئۇنىڭ دادىسى ئاق تەنلىك، ئانىسى نېگىر بولغانلىقىدا. ئاق تەنلىك ئاتا، نېگىر ئانىدىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىجەزى مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇ خىل پسىخوپاتالوگىيەنىڭ پەيدا بولۇشى تۇغما بولمايدۇ؛ نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەر قېنىنىڭ بىرلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخوپاتالوگىيە ئەمەس. جەمئىيەتنىڭ بۇ رەڭلىك ئىرقلارغا تۇتقان ئالاھىدە پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە پسىخوپاتالوگىيە پەيدا قىلغان. بۇ ئاتىنىڭ جەمئىيىتى بىلەن ئانىنىڭ جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇلارنىڭ ئارغۇن بالىلىرىنىڭ روھىيىتىدىكى ئېلىشىشتىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ نەتىجىسى پسىخوپاتالوگىيەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ ئارغۇنلار ئافرىقىدا «مانتىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئافرىقىلىقلار ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاغزىدىكى «مانتىس» دېگەن بۇ سۆز چوڭقۇر كەمسىتىش ۋە كۆزگە ئىلماسلىق مەنىسىنى ئالغان.

«مانتىس»لار ئافرىقىدا ئالاھىدە بىر جەمئىيەت شەكىللەندۇرگەن. ئۇ قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتى ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىدىكى بىر جەمئىيەت. ئۇنىڭ ئەزالىرى كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايى ئوتتۇرىدا بولىدۇ، نېگىرلاردەك چىرايلىق ئەمەس، ئاق تەنلىكلەردەكمۇ چىرايلىق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكىمۇ ئوتتۇرىدا، نېگىرلاردەك ئەقىللىك ئەمەس، ئاق تەنلىكلەردەكمۇ ئەقىللىك ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئوتتۇرىدا، ئاق تەنلىكلەرگە قىزغىن ئەمەس، نېگىرلارغىمۇ قىزغىن ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ ئادەتلىرى ئوتتۇرىدا، ئاق تەنلىكلەر ئادىتى بىلەن نېگىرلار ئادىتىنىڭ ئارىلاشمىسى؛ ئۇلارنىڭ تىلى ئوتتۇرىدا، نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئارىلاشمىسى؛ ئۇلارنىڭ

دىنىمۇ ئوتتۇرىدا، ئۇلار ئەيسا ياكى مۇھەممەدكە ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە مەبۇدقا تېۋىنىدۇ ياكى ئۇلار مەبۇدقا ئېتىقاد قىلىدۇ ھەم ئەيسا دىنى ياكى ئىسلام دىنىغا تېۋىنىدۇ؛ ھەتتا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئوتتۇرىدا، ئۇلار زىيالىي ئەمەس، غەيرىي زىيالىيمۇ ئەمەس.

بۇ «ئوتتۇرا» ئەھۋاللارنى ئۇلار ئۆزلىرى تاللىۋالغان ئەمەس. ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئورنىنىمۇ ئۆزلىرى تاللىۋالغان ئەمەس، بۇ ئۇلارغا زورلاپ تېڭىلغان، ئوخشىمىغان ئىككى جەمئىيەتنىڭ كۈرىشى ئۇلارغا زورلاپ تاڭغان. ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتى بىلەن قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىنىڭ كۈرىشى ئۇلارنىڭ يېنىدا، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىل ئوتتۇرا ئورنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ ئورۇن تۈرمىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز. ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ۋە ھېسسىياتى ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتى ياكى قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتى بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئاق تەنلىكلەر تۈرمىنىڭ ۋادىكىدىن ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە قارايدۇ، ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ ئەمەس. نېگىرلارمۇ ئۇلارغا گۇمانلىق نەزەردە قارايدۇ، چۈنكى ئۇلار قارا تەنلىكلەرگە مەنسۇپ ئەمەس. ھەممە ئادەم يىرگىنىش ھېسسىياتىدا ئاغزىلىرىنى پۈرۈشتۈرىدۇ، پەس ئاۋازدا: «مانتىس» دېيىشىدۇ.

«مانتىس» يالغۇز ئافرىقىدىلا ئەمەس، بارلىق مۇستەملىكە دۆلەتلەردە بار، مۇستەملىكە ئەمەس، لېكىن ئارىلاش ئىرقتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىمۇ بار. ھىندىستان، ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىدىمۇ بار. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن سىرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان قەبىلە ۋە مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا تويلىشىدىغان ئەھۋاللار بار. ئۇ يەردە ئارغۇنلار «بىرنېپي ھەيدەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

لېكىن ...

سامىنىڭ ئەھۋالى مانتىس جەمئىيىتىدىكى ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مانتىس ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىدراكىي ئىڭى بىلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى ئىڭى بىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئىككى خىل مىجەزگە ئىگە ئادەم بولۇپ قالغان. ئىدراكىي ئاڭ غالىب كەلسە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ مىجەزى ئۇنى كونترول قىلىۋالىدۇ؛ ئىچكى ئاڭ غالىب كەلسە، ئۇنى قارا تەنلىكلەرنىڭ مىجەزى كونترول قىلىۋالىدۇ.

ئەگەر بىز بۇ ئەھۋالنى توغرا دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا مەن باماكودا تۇرىدىغان مۇنداق قىسقا ۋاقىتتا ئۇنى قانداق داۋالايمەن؟

ھەتتا مانا ھازىرغىچە سامىنى داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالمىدىم. مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم، بىر خىل مىجەز ئارقىلىق يەنە بىر خىل مىجەزنى كونترول قىلىش ئامىلىنى تېپىپ چىقىش؛ نېگىرلار مىجەزى سامىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدىغان كۈچنىڭ قايسى ۋاقىتتا، قانداق ئەھۋالدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىش. ئىشىنىمەنكى، بىندا ۋە كاباكا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا بۇ ئامىل ۋە كۈچلەرنى بايقىيالايمەن.

سالىم ماشىنىنى يول بويىدا توختاتتى. ئۇ بىرخىل ئىلاجىسىزلىق ئىچىدە ئېغىر تىنىپ قويۇپ ماشىنىدىن چۈشتى، مېنىمۇ ماشىنىدىن چۈشۈشكە شەرەتلىدى. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا جىممىدە كېتىۋاتاتتى.

بىز دەرەخلەر ئارىسىدا كېتىۋاتىمىز، يوپۇرماقلارنى دەسسەپ كېتىۋاتىمىز، يوپۇرماقلار ئېغىر تىنىق ئاۋازىدەك گىژىلدايدۇ.

بىز كەنتكە يېتىپ كەلدۇق.

ئۇ سامى نېگىرلار ئۇسسۇلى ئوينىغان كەنت، لېكىن بۇ يەر كۇندۇزى خارابىلىكتەك تىنچ، ۋەيرانە كۆرۈنەتتى. كەپىلەر بىر

خىل گۈڭگالىق ئىچىدە ئىدى. ئافرىقىنىڭ ھەممە يېرىدە بولىدىغان قورۇغان بېلىقنىڭكىدەك ئۆتكۈر پۇراق بۇرنۇمغا گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ مېڭەمگە چىقىپ كەتتى.

بەزى ئاياللار كەپىلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن قول ئىشى قىلىشىۋاتىدۇ. يېرىم يالىڭاچ ئەرلەر ئۆزلىرىنى يەرگىلا تاشلاپ ئۇخلاۋاتىدۇ ياكى كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئېلىشىۋاتىدۇ. قۇياش ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىق ۋە نۇرىنى كەپىلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا چاقماقتا. زېمىن قۇياش نۇرى ئاستىدا ئەينەكتەك پارقىراق، سۇزۇك، نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ. قۇياشتىن تەپچىۋاتقان ئىسسىقلىق ئادەمگە جانلىق تۇيغۇ بېرىدۇ، زېمىندىن قايتىۋاتقان ئىسسىق ھاۋا بولسا، ئادەمنى گويا پار ئىچىدە تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

مەن قالپىقىمنى ئوڭشاپ كىيدىم. سالىم ئىككىمىز يانمۇيان بولۇپ، چوڭراق بىر كەپىگە ماڭدۇق. يولدا بەزى ئادەملەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار ئورنىدىن قىمىر قىلمايتتى، گەپمۇ قىلمايتتى، لېكىن ھەممىسىنىڭ ئاپپاق كۆزلىرى سالىمغا تىكىلگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم، ئۇ كۆزلەردىن نەپرەت ۋە يىرگىنىش چىقىپ تۇراتتى.

سالىم تامغا يۆلىنىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا:

— مەن كاباكا بىلەن كۆرۈشمەكچى، — دېدى فىرانسۇز تىلىدا.

ئۇ ئادەم ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى، گەپمۇ قىلمىدى، بېشىنى بىر تەرەپكە سەل سىڭار يان قىلىپ، چوڭ كەپىنىڭ ئىشىكىنى شەرەتلەپلا قويدى. ئاندىن بىز بىلەن كارى بولماي، بارمىقى بىلەن يەرنى كولاشقا باشلىدى.

سالىم قاتتىق تەلەپپۇزدا ۋارقىرىدى:

— ئورنۇڭدىن تۇر ! بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى كاباكاغا خەۋەر قىل !

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئادەم بارمىقى بىلەن يەرگە بىر سىنىق سىزىپ قويدى، گەپ قىلمىدى، بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى.

مەن سالىمغا قارىدىم، ئۇ غەزىپىنى تەستە بېسىپ تۇراتتى.

— ئۇلار خۇدا ياراتقان ئەڭ ھۇرۇن ئادەملەر، — دېدى سالىم، — ھەممىسى تىرىكتاپلار!

لېكىن، مەن بۇ ئادەمنى ھۇرۇن دەپ قارىمىدىم، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل رىقابەتنى، ئۇنىسىز نەپرەتنى بايقىدىم.

بۇ چاغدا چوڭ كەپە ئىچىدىن بىر كىچىك بالا چىقتى. ئۇ بىزنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. بىردەمدىن كېيىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى، ئۇ بەستلىك، چىرايى سۇرلۇك، ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان، بەلكىم ئاتمىش ياشلاردا باردۇ، چىرايىغا قاراپ يېشىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ كالتە ئىشتان كىيگەن، مەيدىسى ئوچۇق، سەل قېرى چىراي بولسىمۇ، ناھايىتى ساغلام كۆرۈنەتتى.

بۇ ئادەم بېشىنى مەغرۇر تۇتۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى، قوللىرى بەللىرىدە، ئوتلۇق كۆزلىرىنى سالىمغا تىكىپ تۇراتتى، لېكىن بۇ كۆزلەردە نەپرەت ۋە يىرگىنىش يوق. ئۇ گەپ قىلماي تۇراتتى. كېيىن سالىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، سەل ئېگىلىپ قويۇپ، فىرانسۇز تىلىدا گەپ قىلدى، لېكىن ياسالمىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— خەيرلىك ئەتىگەن!

ئۇ ئادەم سالىمغا تەكەببۇرلۇق بىلەن قول بەردى ۋە غۇدۇرىغاندەك:

— خەيرلىك ئەتىگەن، — دەپ قويدى.

سالىم مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى:

— مىسىردىن كەلگەن، — دېدى ئاخىرىدا.

كاباكا سەممىي كۈلۈمسىرىدى، مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن مىسىر توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىغان. مېنىڭ

سىڭىگاللىق بىر ئاغىنەم مىسىرنى زىيارەت قىلغان، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ ھازىر داكاردا.

ئۇ ئەمدى سالىمغا قاراپ سۇرلۇك ئاۋازدا دېدى:

— خىزمىتىڭدە بولۇشقا تەييارمەن !

سالىم بېشىنى يەرگە قىلىپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئاكام سامى ئاغرىپ قالدى، — دېدى ئۇ، — دوختۇر سامىنى داۋالاشقا سېنى ياردەم قىلالايدۇ دەيدۇ.

ئاتامانىنىڭ كۆزلىرىدە جىددىيلىك پەيدا بولدى، ئۇ ئالدىراپ سورىدى:

— ئاغرىپ قالدى؟ نېمە كېسەلكەن؟

مەن سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم:

— روھىي كېسەل.

ئاتامان ئېغىر تىنىپ بېشىنى يەرگە قىلدى، سامىنىڭ كېسىلىنىڭ روھىي كېسەل بولۇپ چىقىشىنى ئويلىمىغاندەك ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— ساڭا قانداق ياردىمىم كېرەك؟

— مەن بىندا بىلەن كۆرۈشمەكچى، — دېدىم دەرھاللا.

بۇ گېپىم تولىمۇ تۇيۇقسىز بىلىنگەن بولسا كېرەك، ئاتامان ماڭا ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراپ كەتتى.

— بىندا، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ قىزىم بىندا بىلەنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

— مەن ئۇنىڭ سامى توغرۇلۇق بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدىم مەن، — مەن سامىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن بىلىۋالىشىم مۇمكىن.

ئۇ كۆزلىرىمگە قارىدى، خۇددى كۆزلىرىمدىن مەن يوشۇرۇۋاتقان نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئىدى. كېيىن ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتى:

— سامىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بىندا بىلىدىغانلارنى مەنمۇ

بىلىمەن، مەندىن سورىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ.

مەنمۇ بەكرەك قاتتىق تەلەپپۇزدا دېدىم:

— مەن بىندانىڭ ئۆزىدىن سورىماقچى.

ئاتامان جىمىپ كەتتى، بېشىنى يەرگە قىلىپ بىرپەس ئويلىنىۋالدى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مىسكىن تەلەپپۇزدا سورىدى:

— سامىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرمۇ؟

— مېنىڭچە ئېغىر، — دېدىم مەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن كەپىنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ:

— قېنى مەرھەمەت، — دېدى.

بىز يۇمىلاق شەكىللىك بىر مېھمانخانىغا كىردۇق. تۇپا يەرگە يەرلىك گىلەملەر سېلىنغان، كونۇسسىمان تورۇسى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغانىدى. تاملار لايدا تۇرغۇزۇلغان، ئىچىگە ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئۆي جاھازلىرى قويۇلغان، ئىككى ياغاچ ئورۇندۇق، بىر ساندۇق، ساندۇق ئۈستىدە كىچىك ئورۇندۇقلار بار ئىدى. ئۆيگە بىزنىڭ دېھقانلارنىڭكىدەك سۇپا چىقىرىلغان، ئۈستىگە بورا سېلىپ قويۇلغانىدى.

ئاتامان چوڭ ئورۇندۇقنى ماڭا سۇنۇپ بەردى، سالىم سۇپىدا ئولتۇردى. ئۇ ھاسىراپ تۇراتتى، ئەتراپقا نەزەر كۆزىنى سالمايتتى. ئاتامان يان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى، ئۇ قايتىپ چىققاندا ئارقىسىدا بىندا بار ئىدى.

بۇ مەن فانى قەھۋەخانىسىدا كۆرگەن قىز ئىدى. ئۇنى ئىككىنچى قېتىم نىگېر دەرياسى بويىدا بىر دوستى بىلەن كۆرگەن، ئۈچىنچى قېتىم بۇ كەنتتە سامى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا كۆرگەن.

بىندا يالاڭ ئاياغ، بىر پارچە رەختنى كۆكسىنى يېپىپ بەدىنىگە ئورىۋالغانىدى.

ئۇنىڭغا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ كىرىشىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورنۇمدىن تۇردۇم.
بىندا چىرايىمغا قاراپ تۇرۇپ مەن بىلەن قول ئېلىشتى.
مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتىم:
— ئىككىمىز ئىلگىرى كۆرۈشكەنغۇ دەيمەن.
ئۇ قىلچە كۈلۈمسىرىمەي، قىسقىلا جاۋاب بەردى:
— كۆرۈشكەندەك قىلىمىز.
ئاندىن ئۇ سالىمغا قاراپ باش لىڭشىتتى، ئۇنىڭدىن ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مۇنداقلا ئەھۋال سوراپ قويدى. سالىم ئۇنىڭ ئەھۋال سورىشىغا دىققەت قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇراتتى، گويا بىندا بىلەن سامى بالا ۋاقتىدا نېگىرلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن نېگىر ئايال ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بار ـ يوقلۇقىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئىدى.
بىندا ماڭا بۇرىلىپ سورىدى:
— سىز نېمىلەرنى بىلمەكچى؟
مەن ئاتامادىن سورىدىم:
— بىندا بىلەن ئايرىم سۆزلىشىۋالسام بولامدۇ؟
ئاتامان ماڭا ۋە سالىمغا قاراپ قويدى، سەل ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.
مەن سالىمغا قاراپ، ئۇنىڭدىنمۇ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ كەنتتىكى بوشلۇقتا تۇتىشىدىغان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.
مەن ئەتراپىمغا بىر قارىۋېتىپ، بىنداغا سۇپىنى كۆرسىتىپ ئېغىز ئاچتىم:
— ئولتۇرۇڭ!
بىندا تەكەببۇرلۇق بىلەن مېڭىپ، بېشىنى تىككىدە تۇتۇپ ئولتۇردى.
— سامى ئاغرىپ قالدى، كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، — دېدىم مەن بىنداغا، — ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتى ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇشى مۇمكىن.

بىندا گېپىمنى ئاڭلاپ ھەيران قالغاندەك قىلمىدى، خۇددى سامىنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلىدىغاندەك ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىنى غەم باسقانىدى. ئۇ بېشىنى يەرگە قىلدى.

— مەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى توپلىماقچى، — دېدىم يەنە، — بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى داۋالاپ ساقايتالىشىم مۇمكىن.

— بۇ ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاشتا زۆرۈرمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، بۇ ئۇنى داۋالاشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل.

— ئەمىسە بىلمەكچى بولغانلىرىڭىزنى سوراۋېرىڭ!

— سىز ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇچرىشىپ قالغان؟

بىندا چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋېلىپ گەپ باشلىدى:

— خۇددى يىگىتلەر قىزلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك. ئۇ چاغدا مەن شەھەرگە كىرگەنىدىم، سامى مېنى كۆرۈپ كەينىمگە كىرىۋالدى. مەن بىزنىڭ كەنتتىن ئۆتىدىغان ئاپتوبۇسقا چىقسام، ئۇمۇ ئەگىشىپ چىقتى. ئۇ ماڭا گەپ قىلدى، مەن ھەيران قالدىم، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تىلىمىز — ۋولوف تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلەيتتى، ئۇ خۇددى بىزنىڭ قەبىلىنىڭ بىر ئەزاسىدەك ئىدى. بىز بىزنىڭ كەنتكىچە پاراڭلىشىپ كەلدۇق. ئېنىق ئېسىمدە، ئۇ كۈنى سامى ناھايىتى ھارغىن كۆرۈنەتتى، ئېلىشىپ قالغاندەك ئىدى، چىرايىدا قان دىدارى يوق، تەر تامچىلىرى پېشانىسىدىن قۇيۇلاتتى، نەپىسى جىددىي ئىدى. بىز كەنتكە بىللە كەلگەندىن كېيىن، سامىنى دادامغا تونۇشتۇردۇم. سامى بىزنىڭ يىگىتلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى، كەچتە بىزگە قوشۇلۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى. قارىساق ئۇ ئۇسسۇلغا ناھايىتى ئۇستا ئىكەن، ئۇ راستىلا بىزنىڭ بىر ئەزايىمىزغا ئوخشاپ قالغانىدى، كەنتىمىزدىكى قىز ـ يىگىتلەر ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى.

بىندا ھەممىنى سۆزلەپ بولغاندەك جىمىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىۋاتاتتىم.

— كېيىن قانداق بولدى؟ ئۇ كۈنى نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇ كۈنى بىز خۇشاللىق دېڭىزىغا غەرق بولدۇق. سامى تۈن يېرىمىغىچە ئۇسسۇل ئويناپ، بىر كەپىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدى. لېكىن، ئەتىسى ئەتىگەن ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم، ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئادەم يوق.

بىندا بىرپەس تۇرۇۋېلىپ يەنە ئۇھ تارتىپ قويدى:

— ئۇ كۈنى دادام ماڭا سامى بىلەن قايتا كۆرۈشمەسلىكىمنى ئېيتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدىم مەن، — دادىڭىز سىزنىڭ يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشۈشىڭىزنى نېمىشقا چەكلەيدۇ؟

— ئۇ سىزنىڭ يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشۈشىڭىزنى نېمىشقا چەكلەيدۇ دەمسىز؟ ياق، ئۇ مېنىڭ يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى ئەزەلدىن چەكلەپ باققان ئەمەس.

— ئۇنداقتا سامى بىلەن كۆرۈشۈشىڭىزنى نېمىشقا چەكلەيدۇ؟

ئۇ گاڭگىراش ئىچىدە جاۋاب بەردى:

— بۇنى بىلمەيمەن، بەلكىم سامىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام ئازابلىق كۈنلەردە قالىدىغانلىقىمنى بىلسە كېرەك.

— سىز سامىنى سۆيەمسىز؟

— بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ باقتىم، لېكىن يۈرىكىمدە يەنىلا بىر تەشنالىق بار ئىدى، ھاياتىمنىڭ ھەربىر مىنۇتىدا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتىم. لېكىن، ئۇ كەلمىدى. ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قارىسى يەنىلا كۆرۈنمىدى. بۇ جەرياندا مەن ئۇنىڭ كاللامدىكى سىيماسىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولدۇم، لېكىن قولۇمدىن

كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئۇنى ئىزدىدىم، بارمىغان يېرىم قالمىدى. ئاخىرىدا شۇ دەرىجىگە باردىمكى، ھەرقانداق چېگرامۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەي، مەخسۇس ئاق تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغىمۇ كىردىم. مەن ئۇنى ئاخىرى قانچە قەھۋەخانىسىدىن تاپتىم. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا قاراپ تۇراتتى، ھېچبىر تونۇغاندەك قىلمايتتى. مەن ئاچچىق بىلەن سىرتقا ماڭدىم. لېكىن، قەھۋەخانىدىن چىقىپ ئازراق ماڭمايلا، بىرىنىڭ ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، ئەگىشىپ كەلگىنى سامى ئىكەن. بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىكىگە ئوخشاش، ئۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ماڭا گەپ قىلدى، مەن بىلەن بىللە ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ تولىمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى، نەپىسى جىددىي ئىدى. كەنتكە كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئەسلىگە كەلدى، بىز بىلەن ئۇسسۇل ئوينىدى. كېيىن تاڭغا يېقىن يەنە كۆزدىن غايىب بولدى.

بىندا ھاياجاندىن ھاسىراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مانا بۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال.

— ھازىرغىچە شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، ھازىرغىچە شۇنداق.

— ئۇ كەنتكە بىرەر قېتىممۇ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ باقمىدىمۇ؟

— ئۇنداق ئىش قەتئىي بولۇپ باقمىدى. ھەر قېتىم ئۇنى مەن ئىزدەپ بارىمەن. ھەر قېتىمدا ئۇ باشتا مېنى تونۇمىغاندەك قىلىدۇ، لېكىن ماڭا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

— ئۇ ھەر قېتىم سىزنى تونۇمىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن، بۇ قانداق ئىشتۇ؟

— ئۇ يالغاندىن تونۇماس بولۇۋالامدىكىن دەيمەن. شۇنداق قىلغاندا ئاق تەنلىكلەر بىزگە دىققەت قىلمايتتى.

— سىزنىڭچە ئۇ سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

بىندا ئاچچىق بىلەن ماڭا قارىدى، بۇ مەسىلىنى سورىماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، دەپ مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىكى نۇرلار سۇسلاشتى، بېشىنى يەرگە قىلىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.

مەن ئۇنى قوزغىتىش ئۈچۈن سورىدىم:

— سوئالىمغا نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟

بىندا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى، ئاندىن قەتئىي تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتى:

— سىز راستىلا دوختۇرمۇ؟

— شۇنداق، — دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن، — سىزگە ئىسپات كېرەكمۇ؟

مەن يېنىمدىن ئايرىمايدىغان پاسپورتۇمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئېچىپ كۆرسەتتىم.

ئۇ پاسپورتقا قاراپمۇ قويماي، كۆزلىرىمگە تىكىلگىنىچە سورىدى:

— سىز ھەممىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى سەللىمازا ساقايتالامسىز؟

— بۇنىڭغا ئىشەنچىم بار، — دېدىم مەن.

بىندا كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ يەرگە قارىدى.

— ئۇ مەن بىلەن توي قىلدى، — دېدى پەس ئاۋازدا.

مەن ھەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋەتتىم:

— كىم؟

بىندانىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياشلا تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— سامى، — دېدى ئۇ، — دادام بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا كۆپ قېتىم قارشى تۇردى. ساق بىر يىل شۇنداق ئۆتتى. لېكىن، دادام كېيىن مېنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىمدىن، قەبىلىدىن قېچىپ كېتىشىمدىن قورقۇپ، ئىككىمىزنىڭ بېشىنى ئاخىر قوشۇپ قويدى.

— سىلەر توي خېتى ئالدىڭلارمۇ؟ — سورىدىم مەن.

بىندا مېنىڭ گېپىمدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئۇ قانۇنلۇق نىكاھمۇ دېمەكچىمەن، ھۆكۈمەت ئورنىغا تىزىملاتتىڭلارمۇ؟

— دادامنىڭ قەبىلە ئەزالىرىنىڭ توي قىلىشىغا يول قويۇش قويماسلىق ھوقۇقى بار. بىزنىڭ قەبىلە ئىسلام دىنىغىمۇ، ئەيسا دىنىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ، بىز مەبۇدقا تېۋىنىدىغان مۇرىتلار.

بىلمىسىزلىكىم ئۈچۈن باش لىڭشىتىپ ئەپۇ سورىدىم.

— سالىم بۇ نىكاھنى بىلەمدۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ، — دېدى ئۇ خاپا بولغاندەك ماڭا قاراپ، — قەبىلىدىكى ئادەملەردىن سىرت بىرمۇ ئادەم ئۇقمايدۇ. دادام قەبىلىدىكىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، بۇ سىرنى ئاشكارىلىماسلىققا قەسەم ئىچۈرگەن.

مەن چۈشىنەلمەي سورىدىم:

— نېمە ئۈچۈن؟ ئاتاماں بۇ توينى نېمىشقا مەخپىي ساقلىماقچى بولىدۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى بىندا تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ، — ئۇ دائىم، مەن بىلگەن ئىشنى سىلەر بىلمەيسىلەر، دەيدۇ.

— سامى ئىككىڭلار توي قىلىشنى قانداق كېلىشتىڭلار؟

بىندا خۇددى ئاشۇ خاتىرىلەرنى ئىزدەۋاتقاندەك يىراققا قاراپ تۇرۇپ كەتتى:

— بىز ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا، بىز توي قىلايلى، دېدىم. ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن مېنى قولۇمدىن تارتىپ دادامنىڭ يېنىغا ئاپاردى ۋە ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىغا رازىلىق سورىدى. دادام قاتتىق خاپا بولۇپ، بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلمىدى. ئارىدىن يەتتە ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاران قوشۇلدى.

— سىلەر توي قىلغاندىن كېيىن سامى يەنە ئەتىگەندە كېتىپ قېلىپ يۈردىمۇ؟

— ھەئە، مەن توي قىلساق سامى ئۆزىنى يوشۇرمايدىغان بولار دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈردى.

— سىز ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— ئۇ بەزىدە كېچىنى مەن بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بار. ئۇ ئادەتتە كىچىك قۇشلاردەك تىنچ، مۇلايىم، لېكىن ئۇسسۇل ئوينىغاندا خۇددى چاقماقتەك جانلىنىپ، ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ يېنىمدا چاغلاردا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، تا ئۇ ئۇخلاپ قالغۇچە سۆيۈپ چىقىمەن. ئۇ ئۇخلاپ قالىدۇ، مەن پارقىراپ ياتىمەن، ئۇنىڭ ئۆزىنى يوشۇرىدىغان ۋاقتىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ياتىمەن. ئۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە سامى ئورنىدىن تۇرىدۇ، چۇشەكىگەندەك سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ. مونچاقتەك تەرلەر ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ، نەپىسى جىددىيلىشىدۇ. ئۇ كەنتتىن چىقىپ شەھەرگە قاراپ ماڭىدۇ.

— سىز ئۇنى كېتىشتىن بىرەر قېتىممۇ توسۇپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇ مۇنداق ئەھۋالغا كېلىپ قالغاندا ئۇنىڭدىن قورقىمەن. ئۇ سىرتقا ماڭغاندا، مەنمۇ چىقىپ ئارقىسىدىن ئەگىشىمەن. بەزىدە ئالدىغا ئۆتۈپ بىردەم مېڭىپ بېقىپ، ئاندىن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرىمەن. ئۇ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق، ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ مۇنداق ئەھۋالدا ھېچكىمنى تونۇمايدۇ، دادامنى تونۇمايدۇ، كەنتتىكى ھەرقانداق بىر ياشنى تونۇمايدۇ، مېنىمۇ تونۇمايدۇ.

بىندا ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇ مىسكىن ئاۋازدا گېپىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇن مېڭىپ ھېرىپ قالدىم. ئاخىر چىدىماي يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتىم، سىلكىشتۈردۈم، مەيدىلىرىگە ئۇردۇم، ئۇنى ئېسىگە

كېلەرمىكىن دەپ ۋارقىراپمۇ باقتىم، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل غەلىتە، ئەسەبىي نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ مېنى ئۇردى، ئۇرغانىدىمۇ قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، ئەڭ پەسكەش تىللارىيلەن تىللىدى. ئۇ مېنى تىللاش بىلەنلا قالماي، پۈتۈن نېگىرلارنى تىللاپ قارغىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭمايدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا كەتكۈسى كەلسە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردىم. ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشمەسلىك نىيىتىگە كېلىمەن، لېكىن ئارىدىن بىر ھەپتە ياكى ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش ئوتلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن، شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئۇنى تېپىپ كەنتكە قايتۇرۇپ كېلىمەن.

مەن تاقەتسىزلىك ئىچىدە سورىدىم:

— سىز ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگەندە، ئۇ ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى ئەسلىيەلەمدۇ؟

— دەسلەپتە ئۇ خۇددى مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئاپتوبۇستا ماڭا چاقچاق قىلىدۇ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، نەپسى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. ئاپتوبۇستىن چۈشكەندىن كېيىن ئەھۋالى ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىدۇ. بىز كەنتكە يېتىشمىزغىلا، ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر ئەزاغا ئايلىنىدۇ، ھەرقانداق ئىش ئېسىدە بولىدۇ، ئۆزىنى بۇ كەنتتىن، مېنىڭدىن ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىدىم دەپ بىلىدۇ.

— دادىڭىز سىز ئۈچۈن سامىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ باقمىدىمۇ؟

بىندا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ جاۋاب بەردى:

— ياق. دادام مېنىڭ ئازابلىنىپ يۈرگىنىمنى كۆرسىلا تىللايدۇ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ بالا تېپىۋالغان نېمىسەن، دەپ تەنە قىلىدۇ. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ سامى بىلەن توي قىلغانىدىم.

— رەھمەت، — دېدىم مەن دوختۇرلارغا خاس سالماق

ئاۋازدا، — ئەمدى ئاتامان بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ؟
بىندا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چىرايىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ سۇسلا كۈلۈمسىرىۋىدى، ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈندى.
— سىز راستىلا ئۇنى سەللىمازا ساقايتالامسىز؟
— سىناپ باقاي، — دېدىم مەن.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، پۈتۈن تىرىشچانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېقىڭ.
مەن ھېسداشلىق ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردىم:
— دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن!
ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇن توققۇز ياشلىق بۇ قىز گۈزەل بەدىنىنى بىر پارچە رەخت بىلەنلا ئورىۋالغانىدى. ئۇ شامالدەك يېنىك قەدەم بىلەن ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.
ئۇزاق ئۆتمەي بەستلىك ئاتامان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشى غادايغان، چىرايى تۇتۇلغانىدى.
سالىم يەنە بىر ئىشىكتىن بېشىنى تىقتى، ئۇ بىنداننىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كىرمەكچى بولۇۋاتاتتى. مەن ئاتامانمۇ مەقسىتىمنى چۈشەنسۇن دەپ، سالىمغا فىرانسۇز تىلىدا گەپ قىلدىم:
— سالىم، سىرتتا ساقلاپ تۇرغىن!
سالىم ئاچچىق بىلەن ماڭا قارىدى، ئارقىدىن ئاتامانغا قاراپ قويدى، ئاندىن غەزەپ بىلەن گۈس - گۈس دەسسەپ چىقىپ كەتتى.
ئاتامان مېنىڭ چىرايىمغا قارىمايلا، ئاچچىق بىلەن سورىدى:
— بىندا ساڭا نېمىلەرنى دەپ بەردى؟ ئۇ سېنىڭ يېنىڭدىن چىقىپ يىغلاپ كەتتى.
مەن خۇددى بىندا ماڭا ئالاھىدە بىرنەرسە ئېيتىپ بەرمىگەندەك بېسىق ئاھاڭدا گەپ قىلدىم:
— ئۇ سامى بىلەن توي قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاتامان تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ ئاپپاق كۆز ئالمىسى قارا يۈزىدە خۇددى زۇلمەت باسقان كېچە قوينىدا يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ چىراغدەك پارقىراپ تۇراتتى. بىرپەستىن كېيىن ئۇنىڭ غەزىپى بېسىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ نەپسى يەنىلا ئىتتىك ئىدى. ئۇ يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ سورىدى:

— ئۇ شۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىمۇ؟

مەن سالماقلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردىم:

— ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قاتتىق قارشى تۇرغىنىڭىزنىمۇ سۆزلەپ بەردى.

ئاتامان بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ غۇدۇردىدى:

— راست، مەن قارشى تۇرغان.

— نېمە ئۈچۈن؟

ئۇ غەزەپ بىلەن جاۋاب بەردى:

— چۈنكى قەبىلىمىزدىكى بىر قىزنىڭ بىر ئاق تەنلىك بىلەن توي قىلىشىنى خالىمايمەن.

— لېكىن، قارىسام سامىنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن، — دېدىم مەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى:

— راست، سامىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى ئۆز ئوغلۇمدەك ياخشى كۆرىمەن.

ئارقىدىن ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن، مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلالمايتتىم. مېنىڭ بۇ تويغا قارشى تۇرۇشۇممۇ سامى ئۈچۈن ئىدى.

— مۇنداق ئارىلاشما نىكاھلارنىڭمۇ بەختلىك بولغانلىرى بارغۇ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئارىلاشما نىكاھنىڭ ھەرقاندىقى بەختسىز نىكاھ. بۇ خىل نىكاھتىن تۇغۇلغان باللارمۇ

بەختسىز. مەن نەۋرەمنىڭ «مانتىس» بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن.
— لېكىن، سەن ئاخىرقى ھېسابتا بۇ تويغا قوشۇلۇپسەن؟
— شۇنداق، قوشۇلدۇم، — دېدى ئۇ ئازاب بىلەن.
— نېمە ئۈچۈن؟
ئاتامان مېنىڭ كوچىلاپ سوراۋېرىشىمدىن بىزار بولدى.
— مەن ئەنسىرىدىم، بىنداننىڭ ...
ئۇ تۇيۇقسىز گەپتىن توختاپ قالدى.
مەن ئۇنىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتتۈم، لېكىن ئۇ گەپ قىلار ئەمەس، يەرگە قارىغىنىچە جىممىدە ئولتۇراتتى.
مەن ئۇنى قوزغاتتىم:
— بىنداننىڭ نېمىسىدىن ئەنسىرىدىڭ؟
ئۇ ئورنىدىن شاققىدە تۇردى، نېرۋىسى ئۆرلەپ:
— كەچۈرگىن، مەن ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيمەن، ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، — دېدى.
— سامى ئۈچۈن !
— سامى ئۈچۈن بولسىمۇ بولمايدۇ !
— سامى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە قىزىڭ بىندامۇ بار. سامى سەللىمازا ساقىيىپ كەتسە، بىندا چىن يۈرىكىدىن خۇشال بولىدۇ.
ئۇ ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ، تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:
— سامىنى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟
— ساڭا جەزملەشتۈرۈپ ئېيتالايمەن، — دېدىم مەن، — مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن كېسەللەرنى ساقايتقان. سەن بىلمەيسەن، دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە مېنىڭ خېلى نامىم بار. چوڭ سۆزلەۋاتقىنىم يوق، پەقەت سامىغا ياردەم قىلىشنىلا ئويلايمەن، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.
ئاتامان يەنىلا جىم ئىدى. ئۇ بۇرۇلۇپلا كەينىدىن چىقىپ

ئاسمانغا قارىدى، شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن يېنىمغا قايتىپ كىردى، ئاندىن بوغۇق ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— ئەگەر ئاسماندا چاقماق چاقسا، كەچتە مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن.

— نېمە ئۈچۈن چاقماق چاققاندا كېلىشىم كېرەك؟

— چۈنكى مەن ۋەدىگە باغلىنىپ تۇرغان ئادەم، پەقەت تەڭرىلا مېنى بۇ باغلاقتىن ئازاد قىلالايدۇ.

— ئەگەر چاقماق چاقمىسىچۇ؟

— كەلمىگىن!

— مەن چاقماق بىلەن بۇ ئىشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشىنەلمىدىم.

ئۇ ئاچچىق بىلەن ماڭا قارىدى.

— نۇرغۇن ئىشلارنى سەن چۈشەنمەيسەن، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلساڭلا بولىدۇ! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

ئاندىن ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، خاپا بولغىنىدىن ئەپۇ سورىدى:

— كەچۈرگىن، كۆڭلۈم بەك پاراكەندە.

ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

— بۈگۈن كەچتە كۆرۈشەيلى! — دېدىم مەن.

— ئاسماندا چاقماق چاقسا كۆرۈشەيلى، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ رايىغا باقتىم، كەينىدىن چىقىپ سالىمنى قولتۇقلىغىنىمچە ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

سالىم مېنىڭ ئەسەبىيلەرچە ئىتتىك ئېلىپ كېتىۋاتقان قەدىمىمگە تەستە يېتىشىپ مېڭىۋېتىپ سورىدى:

— سەن نېمىلەرنى ئىگىلىدىڭ؟

ئۇنىڭ گېپىگە ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب بەردىم:

— سورىما، هازىر ساڭا هېچنېمە دەپ بېرەلمەيمەن.

ئۇنىڭغا هېچنېمە دەپ بەرگۈم يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ



www.uyghurkitap.com

دېگەنلىرىمنى سامىغا يەتكۈزۈپ قويسا، پۈتۈن پىلانىم بۇزۇلاتتى ياكى ئۇ ئاچچىقىدا كاباكانىڭ يېنىغا بېرىپ، سامى بىلەن بىندانىڭ نىكاھىنى ئىنكار قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا مەن كاباكانىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالاتتىم.

سالىم مېنىڭ پىكرىمنى ھۆرمەت قىلىپ قايتا گەپ سورىمىدى.

مەن بىرپەس خىيالدىن كېيىن سورىدىم:

— بۇ قەبىلە ئۈچۈن چاقماق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

— ئۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، ئەڭ ئاساسلىقى چاقماققا ئېتىقاد قىلىدۇ!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم.

ئاسمان ئەينەكتەك سۈزۈك، بىرەر پارچە بۇلۇت يوق. ھاۋا ئىسسىق، يامغۇر ياغىدىغان تۇرى يوق.

## 7

سالىم مېنى ماشىنىسى بىلەن مېھمانسارايغا ئاپىرىپ قويدى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا دېدىم:

— ئەگەر يامغۇر ياغسا، سائەت سەككىزدە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مېنىڭ يېنىمغا كەلسەڭ.

سالىم ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى، چىرايىدىن گاڭگىراش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى ئۇ، — يامغۇر بىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مەن ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشتۈم:

— كېيىن ھەممىنى بىلىپ قالىسەن، لېكىن ھازىر ئەمەس!

مەن ئۇنىڭ يەنە سوئال سورىشىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ مېھمانسارايغا كىرىپ كەتتىم. ئىشىكباقار ماڭا، سامىيەنىڭ ئەتىگەن مېنى ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن سالاقلاپتۇ، مەن كەلمىگەندىن كېيىن يىغلاپ كېتىپ قاپتۇ. مەن بۇ ئىشقا ئېتىبار قىلىپ كەتمىدىم. ئۇنىڭ نېمىشقا يىغلىغانلىقى ماڭا ئايان، ئۇ مەن بىلەن ئۇچرىشالمىغاندىن كېيىن، مېنى تاشلاپ لىۋانغا كېتىپتۇ، دەپ ئويلىغان گەپ.

مەن ئىشكباقارغا سالىمدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەسلىكنى تاپىلاپ قويۇپ ياتىقىمغا قايتىپ كىردىم.

مەن چارچىمىغانىدىم. ئەمدىكى ئىشىم پۈتۈن زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىنادىن ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئىدى. بىنانىڭ سالىم بىلەن توي قىلىغانلىقى مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەمەس. ئەڭ مۇھىم نەرسە شۇكى، سامى كەنتكە كىرىشىگىلا نېگىرلار مىجەزى ئۇنى كونترول قىلىۋالىدىكەن. ئۇ ھەتتا كەنت سىرتىدىكى ھەممە نەرسىنى، ئاق تەنلىكلەر مىجەزىنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتقان كۆنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇيدىكەن؛ يەنە شۇ مىجەزنىڭ ئارىلىقىنى (مەيلى ئۇ ئارىلىق ئىككى ھەپتە ياكى ئۈچ ھەپتە داۋاملاشسۇن) ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. ئۇ كەنتكە قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنى بۇ كەنتتىن ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك، كۆنلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كەنتتىكى تۇرمۇشى ئۇ ئالدىنقى قېتىم كەنتتىن كەتكەنگە ئوخشاش بىر ۋاقىتتىن باشلىنىدىغاندەك ئىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇ كەنتتىن كېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى: «سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن كەنتكە قايتىپ كەلگەندە، خۇددى خوتۇنىنىڭ گېپىنى تېخى يېڭىلا ئاڭلىغاندەك: «خۇدايىمغا ئامانەت !» دەپ جاۋاب بېرىشى تۇرغان گەپ.

كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر !

كېسەللىك ئەھۋالى مۇرەككەپ !

ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقى مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدۇ، مېنى

غەمگە سېلىشۋاتقىنى داۋالاش ئۇسۇلى. ئادەتتىكى ئۇسۇل بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىشقا مەندە يېتەرلىك ۋاقىت يوق، چۈنكى ئۇنداق داۋالاشقا نەچچە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، كاباكا ساقلاۋاتقان سىرنىڭ داۋالاش لايىھەسى بېكىتىشىمگە ياردىمى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، داۋالاش ئۇسۇلى تېپىپ چىقىش ئۇمىدىم بەك چوڭ ئەمەس ئىدى. كاباكا ماڭا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەرسە بۇ باشقا گەپ.

لېكىن، كاباكا ئاسماندا چاقماق چېقىشىنى ساقلايدۇ. شۇندىلا ئۇ ئۆزى بەرگەن ۋەدىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ.

مەن بالكونغا چىقىپ ئاسمانغا قارىدىم، ئۇمىد يوق. ئاسمان سۈتتەك ئوچۇق، بۇلۇت دىدارى يوق. شامال دېگەن نەرسىمۇ يوق. پۈتۈن تەبىئەت بۇ ئىسسىقتا ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمجىت.

مەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خاتىرە يېزىشقا باشلىدىم. مەن بىر دەم كۆزۈمنى ئىلىۋېلىپ ئاندىن بالكونغا چىقىپ باقاي، ئۇنىڭغىچە ھاۋادا ئۆزگىرىش بولۇپ قالار، دەپ ئويلىدىم.

لېكىن، ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

سائەت يەتتە يېرىم بولغاندا، مەن مېھمانسارايىنىڭ گۈللۈكىگە چۈشۈپ سالىمنى ساقلاشقا باشلىدىم. ئىشىكباقار سامىنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ سامىغا مېنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىمنى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاۋارە قىلماسلىقىنى تاپىلىغانلىقىمنى ئېيتىپتۇ.

خۇداغا شۈكۈر، سامى بىلەن ئۇچرىشىپ قالماپتىمەن. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىماي قىلىشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم يوق. مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىم كۆرۈشكەندە قولۇمدىكى ماتېرىياللار بىلەن ئۇنى بىر تەمتىرىتىپ باقماقچى.

مەن گۈللۈكتە چاي ئىچىپ ئولتۇرىمەن، بۇ چاغدا سەلكىن شامال پەيدا بولغان، ئىسسىقنىڭ تەپتىمۇ قايتقان، دەرەخ

شاخلىرى لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەندى.

مەيىن شامال يۈزلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە. مەن ئىختىيارسىز ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: «بۇ يامغۇرنىڭ بېشارىتىمۇ؟»

كىم بىلىدۇ!

سالىم كەلدى. مەن ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سىنىڭچە بۈگۈن كەچتە يامغۇر يېغىپ قالارمۇ؟

سالىم ئاسمانغا قارىدى، خۇددى ھاۋانى بۇرنى بىلەن پۇراۋاتقاندەك ئىدى.

— بەلكىم، — دېدى ئۇ، — ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ يەرنىڭ تەبىئىتى ئۆزىنىڭ ئاھالىلىرىگە ئوخشايدۇ، ئالدىراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى تۇيۇقسىز، قانۇنىيەتسىز. ئۇ تۇيۇقسىزلا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، تۇيۇقسىزلا يىغلايدۇ، بەزىدە يەنە تۇيۇقسىزلا ئۇخلاپ قالىدۇ.

ئاندىن ئۇ ماڭا قارىدى، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە ئۈچۈن چاقماق چېقىشىنى كۈتۈۋاتقىنىڭنى ماڭا نېمىشقا ئېيتىپ بەرمەيسەن؟

— ھازىرچە بولمايدۇ!

— يامغۇر ۋە چاقماقنىڭ ئاكام سامىنىڭ كېسىلى بىلەن باغلىنىشلىقى بارمۇ؟

— شۇنداق.

سالىم مەنسىتمەسلىك، ئەمما چىرايىدىن كۈلكە ئۆچۈرمەي دېدى:

— قارىغاندا سەن نېگىرلارنىڭ جادۇگەرلىكىگە ئىشىنىپ قاپسەن.

مەن كۈلۈپلا قويدۇم. يامغۇرنى كۈتۈۋاتقىنىمغا ئۇزاق ۋاقىت بولغاچقا، بىرۋام ئۆرلەپ ئارانلا تۇراتتىم.

تۇيۇقسىز، بىر تال يامغۇر تامچىسى قولۇمغا چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى !
مەن خۇشاللىقىمنى چاندۇرماي، جىممىدە ئولتۇرىۋەردىم، خۇددى خۇشاللىقىمنى چاندۇرۇپ ياكى شۇنچىكىم مىدىرلاپ قويسام، ھاۋا ئۆزىنىڭ پەيلىدىن يېنىۋالىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم.
يەنە بىر تامچە يامغۇر سۇيى يۇزۇمگە چۈشتى.
يامغۇر تامچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ سىم ـ سىم يامغۇر ئىدى.
مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتىم:
ـــ يامغۇر ياغدى، ماڭايلى !
سالىم مېنى ئىلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتتى، ئاندىن ماڭا ئەگىشىپ ماشىنا تەرەپكە ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭدى.
مەن ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن يامغۇرنى كۈتۈشۈمدىكى سەۋەبنى ئېيتىپ بەردىم:
ـــ كاباكا ماڭا، ئەگەر تەڭرى ئۇ ئىلگىرى قىلغان ۋەدىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئۇنى ئازاد قىلسا، ماڭا ناھايىتى چوڭ بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان.
سالىم غۇدۇرىدى:
ـــ تۇتامى يوق گەپقۇ ئۇ !
مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئېغىز ئاچتىم:
ـــ مېنىڭچە يامغۇر ياغسا چوقۇم چاقماق چاقىدۇ.
سالىم بىزارلىق بىلەن مورىسىنى ئېتىپ قويدى:
ـــ بەلكىم !
بىز ئورمانغا بارىدىغان يولدا سۆكۈت ئىچىدە ماڭدۇق. ھەر قېتىم ئورماندىن ئۆتكەندە پەيدا بولىدىغان تۇيغۇ بۇ قېتىم مەندە كۆرۈنمىدى. مەن ئۆزۈمنى ئورماندا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلمايتتىم. بارلىق ھېسسىياتىم، بارلىق زېھنىم، بارلىق ئۈمىدىم كاباكانىڭ ئاغزىغا، ئۇنىڭ ئاغزىغا يوشۇرۇنغان ئاشۇ

چوڭ سىرغا مەركەزلەشكەندى.

بىز كەنتكە يېقىنلاشقاندا دۈمباق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

دۈمباق ئاۋازى ئاشۇ كېچىدىكىدەك جۇشقۇن، جىددىي ئەمەس، بەلكى سالماق، بوم ئاۋازى بىلەن ئاسمان ۋە زېمىننى تىترەتمەكتە، ئادەمنىڭ يۈرىكىگە بىر خىل غەلىتە ۋەھىمە سالماقتا.

بىز كەنتكە يېقىنلاشقانسىرى دۈمباق ئاۋازى كۈچىيىشكە، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋەھىمىمۇ ئېشىشقا باشلىدى.

مەن دۈمباق ئاۋازى ئارىسىدىن ئادەملەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنىمۇ پەرق ئەتتىم، بەزىدە ۋارقىرىغانغا، بەزىدە ئىڭرىغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازلار ...

بىز ماشىنىنى يول بويىدا توختىتىپ يەرگە چۈشتۇق. سىمىلداپ يېغىۋاتقان يېقىملىق يامغۇر ئۇستىمىزگە چۈشۈپ تۇراتتى. بىز ئورمان ئىچىدە كېتىۋاتاتتۇق، بۇ قېتىم مەن سالىمنىڭ ئالدىدا ماڭدىم. بىر يەرگە كەلگەندە، بىر توپ دەرەخنىڭ دالدىسىدا توختىدىم، بۇ يەردىن ئورماندىكى بوشلۇق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سالىم مېنىڭ يېنىمدا توختىدى. كەنتنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالغان، پەقەت دۈمباقچىنىڭ يېنىدىكى چىراغدىنلا ئاجىز سارغۇچ نۇر پىلدىرلاپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كەنت ئاھالىلىرى چەمبەر شەكلىدە بولۇپ تۇرۇشقان، چىرايلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەندى. دۈمباقچى گويا ئەرۋاھ بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك، قوللىرىنى كۈچ بىلەن كۆتۈرۈپ - چۈشۈرەتتى. ئاجىز چىراغ نۇرى ئاستىدا يامغۇر تامچىلىرى دۈمباقچىنىڭ بەستىلىك، يالىڭاچ بەدىنىدە خۇددى سارغۇچ گۆھەردەك يالتىرايتتى. كاباكا قامەتلىك بەدىنىنى تىككىدە تۇتۇپ توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇستىگە ئاپپاق، كەڭ يېپىنچا ئارتقان، ئادەمگە تاڭ نۇرىنى ئەسلىتەتتى.



www.uyghurkitap.com

سىم ـ سىم يامغۇر ئۇنىڭ بەدىنىگە توختىماي چۈشۈپ تۇرىدۇ. كاباكا قوللىرىنى ئاسمانغا سوزۇپ، مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق تورلۇق، دۇمباق ئاۋازى ئىچىدىن پەرق ئېتىش تەس ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇ گەپتىن توختاپ، قوللىرىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن كەنت ئاھالىلىرى رىتىملىق تەۋرىنىپ، بىر خىل غەلىتە، مىسكىن ئاھاڭدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. كېيىن كاباكا قوللىرىنى يەنە ئاسمانغا سوزۇپ، باشقا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئارقىدىنلا قالغانلار چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئوينىتىشقا باشلىدى، ئۇلار بىر قارىسا ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقاندەك، بىر قارىسا تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

دۇمباق توختىماي چېلىنماقتا.

دۇمباقنىڭ ئاۋازى شۇنداق دەھشەت، ئاسمان ۋە زېمىننى تىترەتمەكتە. مەن گويا دۇمباق بېشىمدا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

كۆڭلىكىم ھۆل بولۇپ بەدىنىمگە چاپلىشىپ كەتكەن، پۇتلىرىم پاتقاققا پېتىپ قالغان، لېكىن مەن ھۆل بولۇپ كەتكىنىمنى، ئۆزۈمنىڭ پاتقاق ئىچىدە تۇرغىنىمنى سەزمەيمەن. بېشىم قالپاق ئىچىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتىدۇ. ھەربىر تال چېچىمدا تەشنالىق ۋە قورقۇش يېنىۋاتىدۇ.

شامال كۈچەيدى، ئەتراپىمىزدىكى دەرەخلەر خۇددى قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ كېلىشىدىن قورققاندەك ئەنسىز شالدىرلاپ تەۋرىنىشكە باشلىدى. كاباكانىڭ يېپىنچىسى گويا پەرىشتىنىڭ لېنتىلىرىدەك لەپىلدەيتتى. قالپىقىم بېشىمدىن ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

تۇيۇقسىز، ئاسماندىن سادا كەلدى، ئاسماننىڭ مەلۇم يېرىدىن گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى.

گۈلدۈرماما ئاۋازىغا ئەگىشىپ چاقماق چېقىلدى، ئاللانىڭ نۇرى كۆرۈندى.

دۇمباق ئاۋازى توختىدى. كىشىلەر سۈكۈتكە چۆمدى، كاباكامۇ سۈكۈت ئىچىدە قوللىرىنى ئاسمانغا سوزدى، كالپۇكلىرى ئارىسىدىن ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈندى.

يامغۇر قۇيۇۋەتتى، گويا تىنچ ئوكيان بېشىمىز ئۈستىگە يۆتكەپ كېلىنگەندەك، پۈتۈن سۇيى ئۈستىمىزگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك ئىدى.

تۇيۇقسىز، دۇمباق ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى، لېكىن ئاستا، ۋەھىمىلىك ئەمەس، ئىتتىك، جۇشقۇن ئىدى. كىشىلەر ۋارقىراشماقتا، سەكرەشمەكتە، ئېيىقكى، ئۇلار ئالقىش ياڭرىتىۋاتاتتى.

گۈلدۈرماما قۇلاقلىرىمنى يېرىۋېتىدىغاندەك كۈچلۈك ئاۋازدا يەنە گۈلدۈرلىدى.

چاقماق كۆزلىرىمنى قاماشتۇرۇپ يەنە چېقىلدى.

مەن دەرەخ ئارقىسىدىن چىقىپ پاتقاق كەچكىنىمچە بوشلۇققا قاراپ ماڭدىم، سالىم ماڭا ئەگەشتى.

كەنت ئاھالىلىرى بىزنى كۆردى، لېكىن سەكرەشتىن توختىمىدى، دۇمباقمۇ چېلىنىۋەردى. كاباكا قولىنى سوزۇپ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ چىرايىدا شۇنچىكىم تەبەسسۇم بار، يامغۇر ئىچىدە تولىمۇ خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. كاباكا كاھىنلارغا خاس قىياپەت بىلەن ئىبادەتنى ئاخىرلاشتۇردى، خۇدا ئۇنىڭ ئىبادىتىنى ئىجابەت كۆردى. كېيىن كاباكا سالىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىز بوشلۇقنى چۆرىدەپ ياسالغان كەپىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر كەپىگە قاراپ ماڭدۇق.

مەن كەپىگە كىرىپلا، گويا چەكسىز كەتكەن دېڭىزدا ئۇزۇن ۋاقىت ئۈزۈپ، تەستە قىرغاققا ئۇلاشقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

بىز كەپىگە كىردۇق. ئاتامان كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ ئاپپاق چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى.



www.uyghurkitap.com

— كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ ۋە يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

مەن قالپىقىمنى ئېلىۋېتىپ، سۇپىغا سېلىنغان بورا ئۈستىدە ئولتۇردۇم، ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاياغ ۋە پايپاقلىرىمنى سالدىم. سالىمۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ ئاياغ ۋە پايپاقلىرىنى سالدى. مەن ئاغرىپ قالىدىغاندەك پۈتۈن بەدىنىمگە سوس تىترەك ئولىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاتامان ئۇزۇن ئۆتمەيلا قايتىپ كىردى. ئۇ ئۇچىسىغا ئوچۇق رەڭدە گۈل ئىشلەنگەن پەلتو كىيگەن، قولىدا ئىككى پەلتو بار ئىدى. ئىككىمىزگە بىردىن تاشلاپ بەردى.

— بۇنى ئالماشتۇرۇۋالساڭلار بولارمىكىن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرمىساقمۇ بولمايتتى. مەن ھۆل كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ پەلتونى كىيدىم، چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋەتتىم، سالىمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇ خۇددى كاباكانىڭ مۇنداق كۈتۈشلىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ھەم ئەندىشە ئىچىدە قارايتتى.

كاباكا ھۆل كىيىملەرنى قولىغا ئېلىپ:

— مەن ئۇلارنى ئوتقا قاقلاپ قوياي، — دېدى.

كاباكا تېزلا قايتىپ كىرىپ چوڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. سالىم ئىككىمىزنى باشقا ئىككى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كاباكا گويا مۇشكۈل بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، يېڭى بىر ۋەزىپىنى كۈتۈۋاتقاندەك يېنىك تىندى. ئاندىن بېشىنى يەرگە قىلىپ، مۇشتۇمى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى قايتا كۆتۈرگەندە، چىرايى جىددىي ۋە سۇرلۇك تۈس ئالغان، كۈلكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— قىزىم بىندانى بىردەم ساقلايلى، ئۇ ھازىرلا كىرىدۇ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

www.uyghurkitap.com

بىز جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتۇق، كاباكابەنە ئېڭكىنى يۆلەپ ئولتۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن بىندا يالاڭ ئاياغ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇستىگە كۆكسىنى باستۇرۇپ بىر پارچە قىزىل رەختنى ئارتىۋالغاندى، مۇرىلىرى ئوچۇق، يۇمشاق قارا چاچلىرى مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇرغان. ئۇ گويا ئۆيگە نۇر ئېلىپ كىرگەندەك بولدى.

بىندا بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىدى، پەقەت باش لىڭشىتىپ تىنچلىق سورىشىپ قويدى. ئۇ پەس ئاۋازدا فىرانسۇز تىلىدا سۆزلىدى، گويا باشقا بىر ئادەم ـــ بىر ئاق تەنلىك ئۇنىڭ كانىيىدا سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى:

ـــ خەيرلىك كەچ !

بىندا ساندۇق ئۇستىدىكى بىر سېلىنچىدا ئولتۇردى. يېقىملىق چىراغ نۇرى ئۇنىڭ قىزىل يېپىنچىسى ئۇستىگە چۇشۇپ، ئۇنى گويا داڭلىق رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان ماي بوياق رەسىمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

كاباكا بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ پېشانىسىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقانىدى. ئۇ بېسىق ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

ـــ تەڭرى مېنى ئوتتۇز يىلدىن بېرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ۋەدىدىن ئازاد قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن مەن هازىر هەرقانداق گەپنى قىلسام بولىدۇ.

ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ جىمىپ قالدى، كۆزلىرىنى مەيۇسلۇك قاپلىغانىدى.

مەن ئۇنىڭ بىرەر سۆزىنىمۇ چۇشۇرۇپ قويماي ئاڭلاش ئۇچۇن بوينۇمنى سوزدۇم.

ـــ گەپلىرىمىزنى سالىممۇ ئاڭلىسا بولامدۇ؟ ـــ سورىدىم مەن.

ئۇنىڭ قىيىن ئەهۋالغا چۇشۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن، بۇ گەپنى ئالدىن سورىۋالغىنىم ياخشى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن،

ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچىگە ئېرىشمەكچىدىم. چۈنكى، ئۇ مېنى تېبىبىي ئىلىم ئۈچۈن ئەمەس، سالىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، دېگەن گۇماندىن خالىي ئەمەستەك ئىدى.

كاباكا سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بولدى، سالىمۇ ئۆلتۈرسۇن، ئۇنىڭ بۇ ھېكايىنى ئاڭلايدىغان ۋاقتىمۇ بولدى، مەن ئۇنىڭ ئاڭلاش بىلەنلا قالماي، يەنە چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كاباكا شۇ گەپتىن كېيىن يەنە جىمىپ كەتتى.

سالىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ دېگۈدەك ئۇنىڭغا قارىدى، كۆزلىرى خىرىس ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن تولغانىدى.

كاباكا تولىمۇ ئۇزۇن جىم ئولتۇرۇپ كەتتى، بىز كۆزلىرىمىز، باشلىرىمىز، يۈرەكلىرىمىز بىلەن ئۇنى كۈتۈۋاتاتتۇق.

ئەڭ ئاخىرىدا، كاباكا ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلىدى، ئىككى قولىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويدى. ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى، ئارىمىزدىكى ھېچكىمگە قارىماي، ئالدىرىماي سۆزلىدى. گەپنى تولىمۇ يىراقتىن باشلاۋاتقاندەك كۆزلىرى كەپىنىڭ تورۇسىغا تىكىلگەنىدى:

— ئىلگىرى بىزنىڭ كەنتتە بىر ساھىبجامال قىز بار ئىدى، ئۇ قەبىلە ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى، پۈتۈن مالى بويىچىمۇ ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، زېرەك، پۈتۈن قەبىلىدىكى ياشلارنىڭ ئۈمىدى، فىرانسىيەگە قاراشلىق پۈتۈن سۇدان ياشلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئاتامان ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، بىر ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن بار مەسلىھەت قىلاتتى، ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. لېكىن، بۇ خىل ئەتىۋارلاش ئۇنى بۇزۇپ قويمىدى، ئۇمۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى، ئىلگىرىكىدەكلا ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم ئىدى.

كاباكا خۇددى يۈرىكىگە يىغىلىپ قالغان دەرد ـ ئەلەملەرنى قوغلاۋاتقاندەك ئازابلىق ھاسىرايتتى، ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

www.uyghurkitap.com

— بىر كۈنى، ساھىبجامال قىز قەبىلىدىكى باشقا قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا چوڭ شەھەر باماكوغا باردى. ئۇ شەھەرگە كەمدىن ـ كەم كىرەتتى، بىر يىلدا بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم رەخت ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا كىرەتتى. ئۇ كۈنى ئۇ شەھەردىن قايتىپ كەلدى، ئالاھىدە ئۆزگىرىشقۇ يوق ئىدى، لېكىن ئادەتتىكىدىن بەكلا خۇشال كۆرۈنەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ يەنە شەھەرگە كىرىپ كەچ قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى ھەپتىسى شەھەرگە يەنە كىردى. كېيىن بىرىپ ھەپتىسىگە بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم كىرىدىغان بولۇۋالدى. قەبىلىدىكى قىز ـ يىگىتلەر ئۆزئارا شىۋىرلىشىدىغان بولۇپ قالدى، ساھىبجامال قىز توغرۇلۇق سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ سۆز ـ چۆچەكلەر ئاتامانىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى، لېكىن ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئۈندىمىدى ياكى بولمىسا ئۇ ئىشەنمىگەندۇ، بۇ ساھىبجامال، ئاق كۆڭۈل، زېرەك قىزنىڭ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

كاباكا بېشىنى يەرگە قىلىپ بىر پەس تۇرۇۋالدى. كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، چىرايى ئازابلىق، پېشانىسىدىكى چوڭقۇر قورۇقلار تېخىمۇ روشەنلەشكەنىدى. ئۇ تېخىمۇ پەس ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى، ئاتامان ئۇخلاپ قوپۇپ، ساھىبجامال قىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، لېكىن ئۇنى كەتتىن تاپالمىدى، ئۇ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئاتامانىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، ساھىبجامال قىزنىڭ دوستلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۇلاردىن سورىدى. قىزلار ھېچنېمە دەپ بېرەلمىدى. ساھىبجامال قىز ئۆزىنىڭ سىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرمىگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم شەھەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ چىقمايتتى، كېيىنكى قېتىم شەھەرگە كىرگۈچە ئۇلار بىلەن ئۇچراشمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بىر دوستى ئاتامانغا بىر ئىشنى ئاشكارىلاپ قويدى: ئۇ بىر

قېتىم ساھىبجامال قىز بىلەن شەھەرگە كىرگەندە، ئۇنىڭ بىر ئاق تەنلىك يىگىت بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چىرايىنى كۈلكە قاپلاپتۇ ... ئاتامان بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خاپا بولدى. ساھىبجامال قىز بىلەن ئۇ ئاق تەنلىك يىگىتنىڭ چوقۇم بىر مۇناسىۋىتى بار، دەپ ئويلىدى. ئاتامان ئۇنى ساقلىدى، كەچتە شەھەردىن قايتىپ كەلگۈچە ساقلىدى. ئۇ ساھىبجامال قىزدىن ئەھۋالنى سورىدى، لېكىن قىز ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. بۇ چوڭ خاتالىقنى ئاتاماننىڭ كەچۈرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. يەنە بىر تەرىپى، بۇ كەنت شەھەرگە ئىنتايىن يېقىن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاشقا بەك دىققەت قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ سىرنى ئاشكارىلاشتىن قورقاتتى. لېكىن، ئاتامان ئۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىقلىق قىلدى، ئاتامان ئۇنىڭغا ئەزەلدىن مۇنداق مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ ساھىبجامال قىزنى كەنتتىكى بوشلۇققا سۆرەپ ئاچىقىپ، پۈتۈن قىز - يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئۇردى، ئۇرغاندىمۇ تاكى ئۇ: «راست، ئۇ ئاق تەنلىك، مەن ئۇنى سۆيىمەن» دېگۈچە قاتتىق ئۇردى.

كاباكا يەنە توختاپ قالدى، لېكىن سۆزلەپ بولمىغان يەنە نۇرغۇن ئىش باردەك كالپۇكلىرى توختىماي مىدىرلايتتى.

مەن بېشىمنى بۇراپ بىنداغا قارىدىم. ئۇ قىزىل رەختكە ئورۇنۇپ ئولتۇراتتى. مەڭزلىرى ياش بىلەن يۇيۇلغانىدى.

كاباكا ئارىمىزدىكى ھېچقايسىمىزغا قەستەن قارىمايۋاتاتتى، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى، ئۇ بىر تىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاتامان ساھىبجامال قىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى چەكلىدى. كەنتتىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىدىغان، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان، ئۇ ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە كۇسۇرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دەيدىغان بولۇۋالدى.

ساھىبجامال قىزنىڭمۇ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى، ئۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا تەييار ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان دۈشمەنلىكىدىن زور قارشىلىق كۈچىگە ئېرىشكەنىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ كەنتتىن چىقىپ كېتىپ قاش قارىيىشتىن ئىلگىرى قايتىپ كەلدى، ئارقىسىدا ئۆزى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ئاق تەنلىك يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئېگىز بوي، بەستلىك، كۆزلىرى يوغان يىگىت ئىدى. نامرات مۇھاجىر ئىكەنلىكى كېيىم - كېچەكلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى، ئۇ بىزگە قاراپ تۇراتتى. بىر قارىسا بىزدىن بىرنەرسىنى ئۆتۈنۈۋاتقاندەك، بىر قارىسا ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ توخۇ يۈرەك نېمە ئىدى. لېكىن، ساھىبجامال قىز ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئاتامانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە قەيسەرلىك بىلەن ۋارقىرىدى: بىز توي قىلىمىز ! ئاتامان شىردەك غەزەپكە كەلدى، ئاق تەنلىك يىگىتكە يولۋاستەك ئېتىلدى، ئۇنى كەپىنىڭ سىرتىغا ئېتتىرىپ ئاچىقىپ، كەنتنىڭ سىرتىغا قارىتىپ ئېتتىردى. ئاتامان يىگىتنى تىللاپ قارغايتتى، پۈتۈن ئاق تەنلىكلەرنى تىللاپ قارغايتتى. ئاق تەنلىك يىگىت ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۆتۈنۈش بىلەن زارلايتتى، ۋارقىرايتتى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن توخۇ يۈرەك ئىدى. كەنتتىكى بارلىق ياشلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جىممىدە ئەگىشىپ ماڭاتتى، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قارايتتى. ئۇ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، تۇرۇپلا ئارقىسىغا قاراپ ئۇلاردىن ئۆزىگە رەھىم قىلىشنى ئۆتۈنەتتى، لېكىن ئۇلار جاۋاب قايتۇرمايتتى، خۇددى گەپ قىلسىلا قاتتىق زىيانغا ئۇچرايدىغاندەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەرىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. ئۇ يۈگۈرەيتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېتىۋاتاتتۇق، ئۇنى شەھەرنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئاپىرىۋېتىپ قايتىپ كەلدۇق.

بۇ چاغدا كاباكانىڭ ئاق تەنلىك يىگىتكە بولغان غەزەپ ۋە نەپرىتى بېسىقتى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاتامان ساھىبجامال قىزنى بىر كەپىگە نەزەربەند قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ساھىبجامال قىز بۇ قاماقتا خېلى ئۇزۇن ياتتى. ئاتامان بەزىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىشكە كۆندۈرمەكچى بولاتتى، لېكىن ئۇ قەتئىي كەينىگە يانمىدى. ئۇ كۈنلەپ گەپ قىلمايتتى، تاماق يېمەيتتى، مۇھەببەت يولىدا ئۆلۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بىر كۈنى ئەتىگەن، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا تۇيۇقسىز ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇ كۈن بويى توختىماي ۋارقىراپ چىقتى. ئۇ خۇددى مۇھەببەت ئۈچۈن ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغاندەك، ئالدىغا كەلگەن نەرسىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەيتتى. بىر كۈنى، بىر يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئولتۇرۇپ سۆزلەشتى، قارىماققا ساھىبجامال قىز مۇھەببىتىنى ئۇنتۇغاندەك، ئازابلىرىنى ئۇنتۇغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يىگىت ئەتىسى ئۇنىڭ يېنىغا يەنە كىرگەندە، ئۇ ۋارقىرىغىنىچە يىگىتكە قاراپ ئېتىلىپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى، ھەممىمىز ئۇنى ئىلىشىپ قاپتۇ دېيىشتۇق. ئاق كۆڭۈل، زېرەك، ساھىبجامال قىز ئەنە شۇنداق ئىلىشىپ قالدى.

كاباكا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۇكۇرۇكىنى كۈچەپ يۇتتى. كەپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قىزىل رەختكە ئورۇنۇپ ئولتۇرغان بىندانىڭ ئۆكسۈشلىرى ھازىر تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بىز ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇق، ھەممىمىز دېمىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ جىممىدە ئولتۇراتتۇق، كېيىن نەزىرىمىزنى كاباكاغا ئاغدۇردۇق.

كاباكا مەڭزىلىرىدە توختاپ قالغان دانىمۇدانە ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سارالىڭ قىز قاماقتىن قېچىپ كەتتى. ئۇ كەپىنىڭ تېمىدىن بارماقلىرى بىلەن كامار ئېچىپ، شۇ يەردىن قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى بىر كەپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى نەچچە ئايدىن كېيىن ئاران ئۇقتۇق. ئۇ كەپە

كۆبارەھ تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى خىلۋەت جايغا ئورۇنلاشقانىدى. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ساھىبجامال قىز ئۇ ئاق تەنلىك يىگىت بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە توي قىپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى كېيىن كاتتا باياردىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاشۇ كەپىدە تۇرىۋېرىپتۇ. ئاق تەنلىك يىگىت شەھەردە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ يېنىغا دائىم ئوغرىلىقچە بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇ خوتۇنىنىڭ نېگىر ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدىكەن.

سالىم خۇددى ئېنىق جاۋابقا ئېرىشمەكچى بولغاندەك سوئال قويدى:

— سەن بىندانى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە توي قىلدى دەمسەن؟

كاباكا سالىمغا بىر ئالىيىۋىدى، ئۇ جىمىپ قالدى. كاباكا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاتامان قەبىلىدىكىلەرگە ساھىبجامال قىز بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى بۇيرۇق قىلدى. ئۇ ئەمدى بىزنىڭ ئادىمىمىز بولماي قالغانىدى، كەنتكە قايتىپ كېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. ھېچقايسىمىزنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بېرىشىمىزغا بولمايتتى. لېكىن، ئۆزى چۈشۈرۈپ قويغان بۇيرۇققا ئاتامانىنىڭ ئۆزىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ سەكتە بولۇپ، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. تىللىرى كالۋا، مىدىرلىيالمايدۇ، گەپنى ئۇقتۇرۇپ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايتتى. كەنتتىكى بىر يىگىت بۇ ئاق كۆڭۈل، زېرەك، ساھىبجامال قىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. يىگىت ئۇنى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ زېرەك، ئەڭ گۈزەل قىز دەپ قارايتتى. يىگىت قىزنىڭ خەۋىرىنى دائىم تىڭتىڭلاپ تۇراتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ساھىبجامال قىز ئېغىر ئاياغ بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغدى. بالىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى قارامتۇل ئىدى.

بالا تۇغۇلۇپ بىر ھەپتە بولغاندا، ئاق تەنلىك ئەر ساھىبجامال قىزنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ بالىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەتتى. ئۇ بالىنى ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. ساھىبجامال قىز تىت ـ تىتلىقتىن ساراڭ بولاي دېدى. ئۇ ئېرى بىلەن بالىنى كېچە ـ كۈندۈز زارىقىپ كۈتتى، ئاخىر بولماي ئۇلارنى شەھەرگە ئىزدەپ باردى. ئۇ راستىلا ساراڭ بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ قىلىقلىرى ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنى مازاق قىلاتتى، ئارقىسىدىن قوغلايتتى، ھەتتا ئۇراتتى، ساقچىلارمۇ ئۇنى نەچچە قېتىم تۇتۇپ سولاپ قويغان، ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، لېكىن ئىشىنىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىغان. ئۇ پەقەت بىر ساراڭ، بىچارە دەپ قارالغان. بۇ چاغدا قەبىلىمىزنىڭ ئاتامانى ئۆلۈپ كېتىپ، ئورنىغا باشقا ئادەم ئاتامان بولدى. يېڭى ئاتامان ساھىبجامال قىزنى ئەزەلدىنلا ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا ياخشى كۆرەتتى، بەلكىم ساھىبجامال قىز ئانىسىنىڭ قورسىقىدا چاغدىلا ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك. ساھىبجامال قىزنىڭ شەھەر كوچىلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە، تالا ـ تۈزلەردە ئۇخلاپ يۈرۈشكە، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەن يېمەكلىكلەرنى تېرىپ يەپ يۈرۈشكە يېڭى ئاتامانىنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى، ئۇ ساھىبجامال قىزنى كەچۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى، ئۇنى ئادەم ئەۋەتىپ قايتۇرۇپ كېلىپ داۋالاتتى، ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. نۇرغۇن تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن ئۇ تىنچلاندى، تىنچلانغاندىمۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە تىنچلاندى. كىشىلەر ئۇنى باشقا بىر خىل نېرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدىمىكىن، دەپ ئويلاپمۇ قالدى. لېكىن، ئۇ ئوغلىنى ــ بۇلاپ كېتىلگەن ئوغلىنى ئۇنتۇيالمىغانىدى، ئېرىگە بولغان مۇھەببىتى سۇسلاشقان بولسا كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭ پەسكەش، توخۇ يۈرەك ئېرى ھەرھالدا ئاق تەنلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى ئەر ئەمەس

www.uyghurkitap.com

ئىدى. بۇ ئاق تەنلىكلەر بىزنىڭ قىزلىرىمىز بىلەن توي قىلىشنى بىر خىل ھۇزۇر ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، بىكار ۋاقىتلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مۇنداق نىكاھنى قەدىرلەيدىغان، مۇنداق نىكاھنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەرى چىقمايدۇ. بىر مەزگىل كۆڭۈل خۇشى قىلىۋالغاندىن كېيىن ھەممىنى كۆڭۈلىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە قايتقان تەقدىردىمۇ، سىنى مەڭگۈ قايتا يوقلاپ كەلمەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قىزلىرىمىزنى چىشى ھايۋان قاتارىدا كۆرىدۇ، ھايۋان خوتۇنلىرىنى ئەلۋەتتە ھۆرمەت قىلمايدۇ - دە.

كاباكا ئاچچىقتىن ھاسىرايتتى، بىندا كۆز ياشلىرىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغانىدى. سالىمنىڭ چىرايىدىن بولسا مەسخىرە كۈلكىسى چىقىپ تۇراتتى.

كاباكا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر يىلدىن كېيىن، ساھىبجامال قىز، ئۇنى داۋاملىق ساھىبجامال قىز دەپ ئاتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ مەڭگۈ ساھىبجامال. ئۇ ئاتامانى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ باماكوغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاتامان قاتتىق ھەيران بولۇپ سورىدى: «بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟» ساھىبجامال قىز قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى: «بىلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ باماكوغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمەن، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى يۈرىكىم سۆزلەپ تۇرىدۇ، مەن يۈرىكىمنىڭ ساداسىغا ئىشىنىمەن.» ئاتامان ساھىبجامال قىزنىڭ يۈرەك ساداسىنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزى شەھەرگە كىردى. ساھىبجامال قىزنىڭ گېپى راست بولۇپ چىقتى. توخۇ يۈرەك ئاق تەنلىك راستلا باماكوغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاق تەنلىك خوتۇنىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن، يەنە ھېلىقى بالىمۇ بار ئىدى. بۇ توخۇ

يۈرەك باماكو ئاھالىلىرىگە بۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئاق تەنلىك خوتۇندىن بولغان بالا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، باشقىلارنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بالىنىڭ يېشىدىن بىرنەچچە ئاينى يوشۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغلى بىر ياشقا توشۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭ ئاق تەنلىك ئايال بىلەن توي قىلغىنىغا بىر يىلمۇ بولمىغانىكەن. ئاتامان كەتتكە قايتىپ كېلىپ، ئىنگلىزلارنىڭ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ساھىبجامال قىزغا سۆزلەپ بەردى، ھېچنېمىنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەردى، ئاندىن ئۇنىڭدىن: «سىز ھازىرمۇ ئېرىڭىزگە تارتىشامسىز؟» دەپ سورىدى. ساھىبجامال قىزنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقنىدى. «ياق، ياق، ئۇنىڭغا تارتىشىدىغان يېرىم قالمىدى. مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇنى نەزىرىمگە ئىلمايمەن» دېدى ئۇ. ئاتامان يەنە سورىدى: «بالىغا تارتىشامسىز؟» ساھىبجامال قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئانىلارغا خاس مېھرىبانلىق نۇرلىرى چاقنىدى: «شۇنداق، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم.» ئاتامان: «سىز ئۇنى بىزنىڭ كەنتتە چوڭ قىلىمەن دېسىڭىز، يامان يېرى ئۇنىڭ دادىسى ئاق تەنلىكتە !» دېدى. «شۇنداق، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم !» دېدى يەنە ئۇ. «ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ، ئوقۇيالايدۇ، كەلگۈسىدە دوختۇر بولىدۇ. ئۇ يەر كەلگۈسىدە ئاق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ» دېدى ئاتامان. ياش ئانا ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: «ئۇ دادىسى بىلەن تۇرسا تۇرسۇن، لېكىن مەن ئۇنى كۆرۈشۈم كېرەك، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئانىسى» دېدى. ئاتامان يەنە: «سىز كىشىلەرگە ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىڭىزنى، ئۇنىڭ قارا تەنلىك ئانا، ئاق تەنلىك ئاتىدىن تۇغۇلغان مانتىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچىمۇ؟ مانتىسلارنىڭ قانداق كۈندە قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ ئېنىق قانداشلىقى يوق، ئۆزىگە خاس خەلقى يوق، ئەنئەنىۋى مىجەزى يوق، ئىلگىرى مانتىسلارنى قانداق كەمسىتىدىغانلىقىڭىز

ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ؟» دېدى. ساھىبجامال ئانا جىمىپ كەتتى. ئۇ يىغلايتتى، كەپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ توختىماي يىغلايتتى. ئۇ بالىسىنى ئەكېلىۋېلىشتىن ۋاز كەچكەنىدى، ئوغلى ئۈچۈن ئانا بولۇش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنىدى. ئۆزىنىڭ ئانىلىق مېھرىنى، يۈرىكىنى قۇربان قىلغانىدى. ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ خۇدا ئالدىدا مۇنداق بىر ئوغلى بارلىقى توغرىسىدىكى سىرنى قەتئىي ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە قەسەم ئىچىشكە ۋەدە قىلدى، لېكىن بالىسىنى كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپ، ھېلىقى ئاق تەنلىك توخۇ يۈرەكنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى، ئوغلىنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالمىغۇچە ئۆيىگە قايتمىدى. ئۇنىڭ ئوغلى چوڭ بولۇپ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، ئۇ ئوغلى بالىلار بىلەن ئويناۋاتقان يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭغا سوۋغاتلارنى بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقان، ئاندىن خۇشال ھالدا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەڭ خۇشال بولىدىغىنى، ئوغلى دائىم نېگىر بالىلار بىلەن بىللە ئوينايتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، ئۆز قېنىنىڭ ئوغلىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان، ئوغلىنىڭ ئاخىر بىر كۈنى ئۆزىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. لېكىن، ئاق تەنلىك توخۇ يۈرەك ئوغلى بىلەن ئۇنىڭ كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، بىر ئادىمىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان، ئۇنى ئۇ يەردىن يوقىلىشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغلىنى كۆرگىلى بارمايدىغان بولدى. ئۇ تەھدىتلەردىن قورقۇپ ئەمەس، ئوغلىنى ئويلاپ شۇنداق قىلغان.

كاباكا گەپتىن توختىدى.

بىندا ئۆزىنى بېسىۋالالماي ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىۋالغان، چاچلىرى يۈزىنى يېپىپ تۇراتتى.

مەن سالىمغا قارىدىم، ساھىبجامال قىزنىڭ سامى كىچىك

www.uyghurkitap.com

ۋاقتىدا دائىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋالىدىغان، ئۇنىڭغا نېگىرلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى كۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەسكەرتمەكچىدىم. لېكىن، سالىمنىڭ كۆزلىرىدە گاڭگىراش، نەپىسى جىددىي ئىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنى بېسىپ تۇراتتى، كۆزلىرى كاباكاغا مىختەك قادالغان، يۈرىكىدىكى غەزەپ ئوتىنى تەستە بېسىپ تۇرغاندەك ئىدى.

كاباكا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ تورۇسقا قارىدى، ئاندىن بېشىنى يەرگە قىلىپ، جىددىي نەپەستە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ ساھىبجامال قىز مېنىڭ سىڭلىم، سامىنىڭ ئاپىسى بولىدۇ!

بىندا بىرلا ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىغا ئېتىلدى، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

كاباكا ئۇنى قۇچاقلاپ، بىللە يىغلاشقا باشلىدى.

سالىم ۋارقىرىدى:

— بۇ يالغان!

كاباكا ئۇنىڭغا زەھەرلىك بىر ئالىيىۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— ۋارقىرىما!

سالىم جايىدا ئاستا ئولتۇرۇپ، قورقۇمسىراپ غۇدۇرىدى:

— سېنىڭ گېپىڭگە ئىسپات كېرەك دېمەكچىدىم.

كاباكانىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر نۇر چاقنىدى:

— بۇ گەپلەرنى مېنىڭ قىلىشىم بىردىنبىر ئىسپات بولالايدۇ!

كاباكا تاكى سالىم بېشىنى يەرگە قىلىۋالغۇچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردى، ئاندىن قىزىغا يۈزلىنىپ ئۇنى مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى، مۈرىسىنى پەپىلىدى، ئاخىرىدا بوغۇق ئاۋازدا گەپ ئاچتى:

— سىزنىڭ سالىم بىلەن توي قىلىشىڭىزغا باشتا نېمىشقا

قوشۇلمىغانلىقىمنى، كېيىن يەنە نېمىشقا قوشۇلۇپ قالغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز. ئەمدى مېنى ئەپۇ قىلىۋېتىشىڭىز مۇمكىن.

مەن باشتىن ـ ئاخىر گەپ قىلماي ئولتۇرغانىدىم، ئەتراپىمىزدىكى ئاۋازلار سەل بېسىققاندىن كېيىن دوختۇرلارغا خاس سالماق تەلەپپۇزدا سورىدىم:

ــ ساھىبجامال قىز كېيىن قانداق بولدى؟

كاباكا قىزىنى قۇچىقىدىن ئايرىپ ئورنىدىن تۇردى:

ــ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭ بارمۇ؟

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدىم:

ــ ئۇ ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟

ــ شۇنداق، قېنى ماڭغىن، ئۇنى ھازىرلا كۆرەلەيسەن !

كاباكا بەستلىك بەدىنىنى سالىمغا تىوغرىلاپ تەھدىتلىك ئېغىز ئاچتى:

ــ سالىم، سەنمۇ ماڭغىن، داداڭنىڭ خوتۇنىنى كۆرۈپ باققىن !

## 8

كاباكا جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى، بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەپىدىن چىقىپ بوشلۇققا قاراپ ماڭدۇق. بىندا دادىسىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتى، مەڭزىلىرى ياش يۇقى ئىدى. سالىم كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانىدى، مەن قولىدىن ئاستا تارتىپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىشنىنى ساڭگىلاتقىنىچە يېنىمدا جىمىدە ماڭدى.

بۇ چاغدا يامغۇر توختىغان، دۇمباق ئاۋازىمۇ توختىغانىدى. بەزى كەنت ئاھالىلىرىلا خۇددى ئەرۋاھتەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نېرى ـ بېرى ھەرىكەتلىنىپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇددى كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزدەك تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئالدىمىزدا

چاقناپ قالاتتى.

كاباكا ئۆزىنىڭ كەپىسى بىلەن خېلى ئارىلىقى بار بىر كەپە ئالدىدا توختىدى. ئۇ بىزگە قاراپ جىممىدە تۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرى ئاۋۋال سالىمنىڭ چىرايىغا مەركەزلەشتى، ئاندىن مېنىڭ چىرايىمغا يۆتكەلدى، ئارقىدىن بېشىنى يەرگە قىلغىنىچە كەپە ئىچىگە ماڭدى.

بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەپىگە كىردۇق.

كەپىدە دەرەخ شاخلىرىدىن ياسالغان بىرلا كارىۋات بار ئىدى. كارىۋات ئۇستىدە دۆۋە نەرسە تۇراتتى. كاباكانىڭ قولىدا چىراغ بولسىمۇ، ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم. كارىۋاتنىڭ يېنىدا رەڭدار مىخلار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر كىچىك ساندۇق تۇراتتى.

كاباكا چىراغنى كارىۋات ئۇستىگە تۇتۇپ، يىغلامسىرىغان ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— مانا بۇ ساھىبجامال قىز، سۇدان[①]دىكى ئەڭ ساھىبجامال قىز !

— كىچىك ئاپا ! — ۋارقىرىدى بىندا.

بىندا كارىۋات يېنىغا تىزلىنىپ، بېشىنى ئۇ ئايالنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ يىغلاپ كەتتى، ۋولۇف تىلىدا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە، ياڭراق، بىزنىڭ دۆلەتنىڭ هازىدار ئاياللىرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

مەن كارىۋاتنىڭ يېنىغا باردىم.

ئاجىز چىراغ يورۇقىدا كۆردۇقكى، كارىۋاتتا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، چىرايىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇق باسقان بىر موماي ياتاتتى.

سالىم ئىككىلەنگىنىچە كارىۋاتقا يېقىنلاشتى.

ئۇ شۇنداق بىر قاراپلا ئارقىسىغا چېكىندى ۋە ئىختىيارسىز

---

① مالىنىڭ ئەسلىي نامى سۇدان، 1904 - يىلى فىرانسىيەگە قاراشلىق غەربىي ئافرىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇھ تارتىۋەتتى. لېكىن، مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم ۋە قولىقىغا شىۋىرلىدىم:

— تەپسىلىيرەك قاراپ باق.

ئايال كۆزىنى ئېچىۋىدى، چىرايى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. كۆزلىرىدىن قارىغاندا ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم، تىنچ كۆرۈنەتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىدى، بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ لەۋلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاپپاق چىشلىرى ئۈستىدە جىلۋىلەندى، بۇ كۈلۈمسىرەش ئەينى يىللاردىكىگە ئوخشاش تاتلىق ئىدى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى قورۇپ يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان كۆسەيدەك قولىنى سوزۇپ، بىندانىڭ بېشىنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى مىدىرلاپ تۇراتتى، لېكىن ئاۋاز چىقمايتتى. مەن بۇ ئايال بىلەن بىندانىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور ئوخشاشلىق بارلىقىنى بايقىدىم.

كاباكا تىترەڭگۈ ئاۋازدا دېدى:

— بۇ مىسىرلىق مېھمان بولمىدۇ، سېنى يوقلاپ كىردى!

ئايال قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ قۇرغاق لەۋلىرى تەبەسسۇم ئىچىدە مىدىرلايتتى، لېكىن ئاۋاز چىقمايتتى.

— سىز بىلەن تولىمۇ تەستە كۆرۈشتۇم، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئايالغا، — كاباكا ماڭا سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى، نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئايال تەستە باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن يەنىلا قىزلارغا خاس زىلۋالىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سالىمىنىڭ چىرايى ئۈستىدە توختاپ قالدى، ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى، خۇددى سالىمىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇۋاتقاندەك قوللىرىنى سوزدى. ئۇنىڭ كالىۋالاشقان تىللىرى ئاغزى ئىچىدە جىددىي ھەرىكەتلىنەتتى، بوغۇزىدىن كالىنىڭ مۆرىشىدەك ئاجىز ئاۋاز چىقاتتى. كېيىن ئۇ كۆككە سوزغان قوللىرىنى قايتۇرۇپ يۈزىنى

ئېتىۋالدى، بېشىنى ياستۇق ئۈستىدە ھەدەپ ئۇياق ـ بۇياققا ئاتاتتى، مۈشۈكتەك غىڭشىيتتى.

مەن كاباكانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

— ئەمدى چىقايلى.

كاباكا ئازابلانغان، ئىچى ئاغرىغان ھالدا سىڭلىسىغا قاراپ قويدى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرىلىپ كەپىدىن چىقتى، بىزمۇ ئەگىشىپ چىقتۇق. بىردا بىر دۆۋە قارا ئۈستىخاننىڭ يېنىدا يىغلاپ قالدى. سالىم يېنىمدا كېتىۋېتىپ پىچىرلىدى:

— مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس!

سالىم «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن گەپنى تەكرارلاۋەردى، ئاۋازى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، بىز ئاتامانىنىڭ كەپىسىگە قايتىپ كىرگەندە ئۇ بىراقلا ۋارقىرىدى:

— مۇمكىن ئەمەس!

كاباكا قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، سالماق ئاۋازدا سورىدى:

— نېمىنى مۇمكىن ئەمەس دەۋاتىسەن؟

سالىم تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ دادامنىڭ خوتۇنى ئەمەس، مەن ئىشەنمەيمەن!

كاباكا يەنىلا سالماق ئاۋازدا گەپ قىلدى:

— ئىشەنمىسەڭ بولمايدۇ، مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ئاق تەنلىك توخۇ يۈرەك دەل سېنىڭ داداڭ بولىدۇ!

مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن تالاش ـ تارتىشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن كاباكاغا مۇراجىئەت قىلدىم:

— بىزنىڭ كېيىملىرىمىزمۇ قۇرۇپ قالغاندۇ.

كاباكا سالىمغا مەنىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئاندىن ماڭا:

— مەن چىقىپ قاراپ باقاي، — دېدى.

ئۇ يان ئىشىكتىن تېزلا چىقىپ كەتتى.

سالىم ئورۇندۇقتا بېرىپ ئولتۇردى، ئىككى قولى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بېشىنى قاماللاپ يىغلامسىرىغىنىچە شىۋىرلىدى:

— مەن چوقۇم چۈش كۆرۈۋاتىمەن.

ھازىر يىغلاپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەستايىدىللىق بىلەن ئېغىز ئاچتىم:

— ئۇ ئاشۇ ئايالمۇ؟

سالىم بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئاچچىق بىلەن سورىدى:

— قايسى ئايالنى دەيسەن؟

— سامى كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ، ئۇنىڭغا ئىگىلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئايالنى دەيمەن.

ئۇ بېشىنى باشقا ياققا بۇراپ جاۋاب بەردى:

— ئۇقمايمەن.

مەن ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا ئېغىز ئاچتىم:

— ماڭا ياردەم قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. سوغۇققان بول، شۇندىلا نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

ئۇ بېشىنى يەرگە قىلىپ جاۋاب بەردى:

— شۇدەك قىلىدۇ.

— جەزملەشتۈرەلەمسەن؟

ئۇ بىر تىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— جەزملەشتۈرەلەيمەن، ئۇ چوقۇم شۇ ئايال !

ئارقىدىن ئۇ ۋارقىراپ كەتتى:

— لېكىن بۇ ئۇ ئايالنىڭ دادامنىڭ ...

مەن ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرمىدىم.

مەن ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردۇم. سامىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئەسلىدىم، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھازىر ناھايىتى ئېنىق بولغانىدى.

سامى ئىگىر ئانا، ئاق تەنلىك ئاتىدىن بولغان بالا. بۇ پاكىت ئۇنىڭ ئىچكى ئېڭىغا ئىختىيارسىز ھالدا ئورۇنلىشىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئاڭ بىلەن ئىدراكىي ئاڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىش باشلانغان، ھەر ئىككىسى قارشى تەرەپنى كونترول

قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئەگەر ئىچكى ئاڭ غالىب كەلسە، سامى نىگىرلار مىجەزىگە ئۆتىدۇ، ئەگەر ئىدراكىي ئاڭ غالىب كەلسە، سامى ئاق تەنلىكلەر مىجەزىگە ئۆتىدۇ. سامىنىڭ ئاپىسى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ نىگىرلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئاشۇ ئايال ئىكەنلىكى ئىچكى ئاڭغا ئايان. ئەگەر ئۇ ئايال سامىنىڭ يېنىغا داۋاملىق بېرىۋەرگەن بولسا، ئىچكى ئاڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىدراكىي ئاڭ بىلەن ئوخشاش بىر پاكىت ئۈستىگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، سامىنىڭ دادىسىنىڭ چەكلىشى بىلەن ئۇ ئايال سامىنىڭ يېنىغا بارمايدىغان بولۇپ قالغان، نەتىجىدە سامى ئۇ ئايالنى ئۇنتۇپ كەتكەن. بۇ ئايال، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ سامىنىڭ قارا تەنلىك قانداشلىقىمۇ ئىچكى ئاڭغا چۆشۈپ قالغان، سامى بىندا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇچە شۇ ھالەتتە تۇرغان. بىندا يەنە بىر ئايالغا، سامىنىڭ ئاپىسىغا ئوخشاپ كۆرۈنگەن. ئۇ بىندا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئىچكى ئېڭى قوزغىلىپ، ئىدراكىي ئاڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، بۇنىڭ بىلەن نىگىرلار مىجەزى ئۇنى كونترول قىلىۋالغان، ئىچكى ئاڭ تىنچلانغان ھامان، ئىدراكىي ئاڭ — ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەر ئېڭى ئۇنى يەنە كونترول قىلىۋالغان.

بۇ سامىنىڭ قىسقىچە كېسەللىك ئەھۋالى.

قانداق داۋالاش ئېلىپ بارسام بولىدۇ؟

مۇنداق ئەھۋالدا، مەن ئادەتتە بىمار بىلەن پاراڭلىشىشىم، ئۇنى ئۆزى تونۇغرۇلۇق سۆزلەتكۈزۈشۈم، ئۇ ئۆزىنىڭ سىرىنى ئۆزى بايقىغۇچە، ئۆزىنىڭ پىسخوپاتالوگىيە ئىكەنلىكىنى بايقىغۇچە ئۇنى ئىچكى ئېڭىغا ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈشۈم كېرەك ئىدى.

لېكىن، ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ ئۇسۇلغا نەچچە ئايلاپ ۋاقىت كېتىدۇ، ئەمما مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن باماكودىن كەتمىسەم بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئالدىمدا پەقەت باشقا بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى — نېرۋىنى غىدىقلاش ئۇسۇلى بار.

سامىنىڭ نېرۋىسىنى قانداق غىدىقلاش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئۇنى ئىچكى ئاڭدىن بىراقلا ئىدراكىي ئاڭغا سەكرىتىپ چىقارغىلى بولىدۇ؟

مەن خىيالغا پاتتىم.

كاباكا بىزنىڭ كىيىملىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ، — كىيىملەرنى دەزماللاپ بەرگۈدەك ئادەم تاپالمىدىم، ھەممىسى ئۇخلاپ قاپتۇ. بىندا كىچىك ئاپىسىنىڭ يېنىدىن تېخى قايتىپ كەلمىدى.

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

سالىم ئىككىمىز كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشقا تۇتۇندۇق، ئاتامان بەرگەن پەلتونى سىلىقۋېتىپ كۆڭلەك، ئىشتانلىرىمىزنى كىيدۇق، شۇنىڭغىچە ھېچقايسىمىز گەپ قىلمىدۇق.

ئاندىن مەن كاباكانىڭ يېنىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا سورىدىم:

— سامى ئىلگىرى بۇ ئايالنى كۆرگەنمۇ؟ سېنىڭ سىڭلىڭنى دېمەكچىمەن.

كاباكا بېشىنى چايقىدى:

— ياق، سامى مۇنداق ئايالنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، مېنىڭچە بىرەرىمۇ ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىغان.

مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ:

— كەچۈرگىن، ئاۋارە قىلدۇق! — دېدىم.

كاباكا قولۇمنى تۇتۇپ كۆزلىرىمگە قارىدى:

— سامىنى داۋالىشىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. ئۇ ياخشى بالا!

مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتىم:

— مەن پۈتۈن كۈچۈمنى چىقىرىمەن!

ئۇ قولۇمنى قويۇۋېتىشتىن ئىلگىرى يەنە سورىدى:

— ئۈمىد بارمۇ؟

— ئۇمىد ناھايىتى چوڭ.

ئۇ قولۇمنى قويۇۋېتىپ سالىمغا قارىدى، لېكىن قولىنى ئۇزاتمىدى.

سالىم سەل ئىككىلىنىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشماسلىق نىيىتىگە كەلدى، پەقەت مۇجمەللا قىلىپ:

— ياخشى چۇش كۆر، — دەپ قويدى.

كاباكا ئۇنىڭ تىلىكىگە جاۋاب قايتۇرمىدى، ئۇ يوغان بەستى بىلەن كەپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، ئۇچىسىغا يېپىنچاقلىۋالغان سېرىق، قارا يوللۇق پەلتوسى بىلەن گويا كېچە ئاسمىنىدىكى سارغۇچ ئايغا ئوخشاپ قالغانىدى.

بىز كەپىدىن چىقتۇق.

كاباكا ئارقىمىزدىن چىقتى.

تۇيۇقسىز كاللامدا بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى.

مەن كاباكاغا قاراپ سورىدىم:

— بىندا بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭسام بولامدۇ؟

ئۇ ماڭا غەلىتە قاراپ، ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— بىندا بىلەن؟

— شۇنداق، بىر مىنۇتلا پاراڭلىشىۋالسام بولىدى، مۇھىم گەپ بار ئىدى!

كاباكا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سىڭلىسىنىڭ كەپىسىگە قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغدا سالىم مېنىڭدىن يىراقراق تۇراتتى، جىملە بولۇپ ئايىغى بىلەن يەرنى سىجايتتى.

كاباكا بىندانى باشلاپ چىقتى. تولا يىغلىغانلىقتىن بىندانىڭ كۆزى ئۇچىسىدىكى قىزىل رەختتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭ يەنە بىر ئىشنى سورىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، — دېدىم مەن سەمىمىيلىك بىلەن، — سىز سامىنى ئادەتتە كۈندۈزى ئىزدەپ بارامسىز ياكى كېچىسىمۇ؟

بىندا مېنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرىمدىن زېرىككەندەك قىلاتتى. ئۇ بىر تىنىۋېلىپ بىزارلىق ئىچىدە جاۋاب بەردى:
— سامى كۈندۈزى ماگىزىندا بولىدۇ، ئۇ يەرگە بېرىشقا پېتىنالمايمەن، ئادەتتە ئۇنى كېچىسى ئىزدەپ تاپىمەن.
مەن بىنداغا تاپىلىدىم:
— گېپىمنى ياخشى ئاڭلاڭ، ئەتە كەچ سائەت دەل سەككىز بولغاندا مەن چۈشكەن مېھمانسارايدىكى ياتىقىمنىڭ ئالدىدا چوقۇم پەيدا بولۇشىڭىز كېرەك. سائەت سەككىزگە داڭ ئۇرغاندا ياتىقىمنىڭ ئىشىكىنى يېنىك چېكىڭ، ئىشىك ئېچىلغاندا ياتاق ئىچىدە سامى ئىككىمىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. سىز قىلچە ھەيران بولماي ياتاققا كىرىڭ، ئادەتتىكى چاغدىكىدەك ئۆزىڭىزنى سالماق تۇتۇڭ، چۈشەندىڭىزمۇ؟
— مەقسىتىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.
— مەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سامىنى كېسەللىك ئىچىدىن ئېسىگە كەلتۈرىمەن.
ئۇ چۈشىنەلمەي سورىدى:
— ئۇ شۇنداق ئاسان ئېسىگە كېلەلەرمۇ؟
— ھازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن، — دېدىم مەن، — مەن بىر سىناپ باقماقچى.
مەن خوشلىشىش ئۈچۈن بىندانىڭ قولىدىن تۇتتۇم:
— ئەتە سىزنى ساقلايمەن!
— توختاپ تۇرۇڭ! — دېدى بىندا، — ئەتە سىز تۇرۇۋاتقان مېھمانسارايغا بارالمايمەن.
مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:
— نېمە ئۈچۈن؟
— ئۇ مېھمانسارايغا نېگىرلار كىرەلمەيدۇ.
— سىزنى كىرگۈزۈۋېتىشنى ئىشىكباقارغا تاپىلاپ قويىمەن.
— ئۇ قانۇن.
— قانۇن ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرى

بار.

مەن بىندا بىلەن خوشلىشىپ، كەنتنىڭ سىرتىغا قاراپ ئىتتىك قەدەم بىلەن ماڭدىم. سالىم ئارقامدىن قالماي كېلىۋاتاتتى.

بىز ماشىنىغا چىقتۇق. سامىنىڭ نېرۋىسىنى قانداق غىدىقلاش ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدىم.

بۇ خىل غىدىقلاشتا سامىنىڭ بىر خىل مىجەزدىن يەنە بىر خىل مىجەزگە ئۆزگىرىدىغان چاغدىكى تىرىشچانلىقىغا، يەنە ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەر مىجەزىدىن نېگىرلار مىجەزىگە ئۆزگىرىشىنى ئورۇنلاۋاتقان چاغدىكى تىرىشچانلىقىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، بۇ ئىچكى ئاڭ بىلەن ئىدراكىي ئاڭنىڭ ئېلىشىشى ئەڭ كەسكىن بولۇۋاتقان ۋاقىت، شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭ كېلىپ قالغان ۋاقىت. بۇ ۋاقىتتا ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقىغا قىلىنغان ياردەم قارشى تەرەپنى يېڭىپ چىقىشقا تۈرتكە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مېنىڭ ۋەزىپەم مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سامىنىڭ ئىدراكىي ئېڭىغا ياردەم قىلىش، بۇ ئارقىلىق سامىغا ئىچكى ئاڭنىڭ سىرىنى بايقاتقۇزۇش، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭدىن پسىخوپاتالوگىيەلىك ھالەتنىڭ تۈگۈنىنى يەشكىلى بولىدۇ.

مانا بۇ مېنىڭ سامىغا تەييارلىغان غىدىقلاش ئۇسۇلۇم، بۇ خىل غىدىقلاش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى يۈزدە ئون پىرسەنتتىن ئاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكى، دوختۇر بىلەن بىمار بىللە تۇرسا ئىدراكىي ئاڭ بىلەن ئىچكى ئاڭنىڭ ئېلىشىشىغا توسالغۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىچكى ئامىل ئادەتتە قورقۇنچاق كېلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى، قارشى تەرەپنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسىلا، جىممىدە بولۇۋالىدۇ، يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مەن بىر خىل ئەمەس، ئىككى خىل غىدىقلاش

ئۇسۇلىغا تەييارلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى.
سامىغا قوللىنىدىغان غىدىقلاش ئۇسۇلى بىلەن سامىيەگە قوللىنىدىغان غىدىقلاش ئۇسۇلى.
مەن سامىيەگە قوللىنىدىغان غىدىقلاش ئۇسۇلى ئۇسۇلىمدە يول بويى كاللا قاتۇرۇپ ماڭدىم. يول بويىدىكى ھەرقانداق مەنزىلىمىز كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى.
سالىم خىيالىمنى بۆلۈپ ئالدىرىماي سورىدى:
— سەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سامىغا ئېيتامسەن؟
مەن سامىيەنىڭ ئىشىنى ئويلاشنى قويۇپ جاۋاب بەردىم:
— مەسىلە ئۇنىڭغا ئېيتىش - ئېيتماسلىقتا ئەمەس، بەلكى قانداق ئېيتىشتا.
سالىمنىڭ رول ئۈستىدىكى قوللىرى تارتىشقاندەك بولدى.
— ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقسا نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ.
— مەن ئۇنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلىماقچى، — دېدىم مەن، — لېكىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كەتمەيدۇ.
ئۇ ئەمدى لىۋان يەرلىك تىلىدا گەپ قىلدى:
— مەن ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىشنى بىلدۈرمەيمەن.
مەن سالماقلىق بىلەن دېدىم:
— ئۇنىڭ بىلىش ھوقۇقى بار.
سالىم ئاچچىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:
— مېنىڭچە ئائىلەمنىڭ نام - شۆھرىتىنى، ئۆزۈمنىڭ نام - شۆھرىتىنى ۋە سامىنىڭ نام - شۆھرىتىنى قوغداش ھوقۇقۇم بار.
— بۇنى سامى ئۆزى قارار قىلىشى كېرەك.
سالىم ئاۋازىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ سۆزلەپ كەتتى:
— سامى نېرۋىسىدىن ئازغان، ھەرقانداق ئىشنى قارار قىلالمايدۇ. يەنە بىرى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا مۇنداق ئارىلىشىۋېلىشىڭغا يول قويالمايمەن. ئاكامنىڭ كېسىلىنى ساقا

داۋالاتقۇزماسلىق ھوقۇقۇم بار.

مەن يەنىلا سالماقلىق بىلەن گەپ قىلدىم:

— بۇ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ ئەمەس، سامى سەن ھامىيلىق قىلمىسام بولمايدۇ دېگۈدەك دەرىجىدە نېرۋىدىن ئازغان ئەمەس. روھىي كېسەللەر نورمال ئەھۋالدا تۇرغاندا زېھنىي كۈچى مۇكەممەل ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، دوختۇر تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ.

مەن سالىمغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— سەن تولىمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنسەن. مەن ئۆمرۈمدە سەندەك ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقمىغان. ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ئاكاڭنى قۇربان قىلماقچى بولۇۋاتىسەن.

سالىم جىمىپ كەتتى، ئۇنىڭ نەپىسى جىددىيلەشكەن، كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇ بىرپەستىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— دوختۇر، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. بۇ راستىلا بىر ئاپەت، ئاپەت بولدىغۇ!

مەن كۆلۈمسىرەپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىدىم:

— يىگىت، خاتىرجەم بول، شۇنىڭغا ئىشەنگىن، سامى ساقىيىپ كەتسىلا ھەممە ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

سالىم ياشلىرىنى سۈرتتى، مېھمانسارايغا يېتىپ بارغۇچە بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. مەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ ئۇنىڭغا دېدىم:

— سامىغا ئېيتىپ قويساڭ، ئەتە سائەت يەتتىدە ياتىقىمدا ئۇنى ساقلايمەن. بىز بىلگەن ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغان بولساڭ، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالغان بولاي. ئەگەر بىرەر ئىشنى دەپ قويساڭ، پۈتۈن تىرىشچانلىقىمىز بىكار بولىدۇ!

سالىم باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

مەن ماشىنىدىن چۈشمەكچى بولۇۋاتقاندا كاللامدا تۇيۇقسىزلا يېڭى بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سامىغا قاراپ

سورىدىم:

— سەن ئىلگىرى سامىيەنىڭ سۈرىتى بېسىلغان ۋە ئۇ داڭلىق ناخشىچى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان لىۋاتنىڭ كونا ژۇرناللىرىنى ساقلاپ قويغانمۇ؟

ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ماڭا قاراپ جاۋاب بەردى:

— ساقلاپ قويغان، ئىشكاپتا بار.

— ئەتە ئەتىگەن ئۇلارنى ماڭا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولساڭ.

ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە قىلىسەن؟

— كېيىن بىلىپ قالىسەن، ياخشى چۈش كۆر!

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ياتىقىمغا چىقتىم. مەن سائىتىمگە قارىدىم، سەھەر سائەت ئىككى بولغانىدى.

مەن كىيىملىرىمنى سېلىشقا باشلىدىم، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم. ئىچىمگە دەھشەتلىك ئەندىشە چۈشۈۋالغانىدى، سالىمنىڭ پۈتۈن ھەقىقىي ئەھۋالنى سامىغا دەپ قويۇپ، پىلانلىرىمنى بىراقلا بۇزۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

بىراق، ھارغىنلىق ئەندىشە ئۈستىدىن غالىب كەلدى، مەن ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىگەن سائەت سەككىز بولغان چاغ، مەن ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشىدىن ئويغاندىم. مېھمانساراي مۇلازىمەتچىسى ماڭا يوغان بىر قەغەز خالتىنى ئەكىرىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ نەرسىنى بىرەيلەن ئىشىكباقارغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. مەن ئۇخلاۋاتقان بولسامۇ دەرھال ئەكىرىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

مەن قەغەز خالتىنى ئاچتىم.

مەن خۇشاللىقىمدىن كۈلۈمسىرىدىم.

سالىم ئەۋەتكەن نەرسىلەر ئىكەن، ئىچىدە سامىيە تونۇشتۇرۇلغان ۋە سۈرىتى بېسىلغان گېزىت ـ ژۇرناللار بار ئىدى. مېنىڭ خۇشال بولغىنىم، سالىمنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ماڭا

يەتكۈزۈپ بېرىشى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇ ئاكىسى بىلەن ھەدىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىشىمغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. دېمەك، ئۇ مېنىڭ پىلانىمنى بۇزۇۋەتمەيدۇ.

مەن گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆرۈشكە باشلىدىم، ئۇلاردىكى ۋاقىت 1936 ـ يىلى ئىدى. رەسىمدىكى سامىيە ئون ياش، ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇچىسىغا ئېسىل كىيىملەر كىيگەن، بېغىشىدا ئالماس بىلەزۈك ــ ئۇنىڭ يېشىدىكى قىزلار سالىدىغىنىدىن ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كاتتا باي، بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ھېرىسمەن ۋە چاكىنا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. سۈرەتنىڭ ئۈستىگە «ئافرىقا ناخشا چولپىنى» دېگەن ماۋزۇ چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېرىلگەن، ئاستىغا مۇنداق سۆزلەر چۈشۈرۈلگەنىدى: داڭلىق مۇھاجىر، ئەدەبىياتشۇناس سامىھا داۋۇدنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى سامىيە داۋۇد خانقىز گاھىرەدە، ئۇ دادىسىنىڭ لىۋانىغا ساياھەتكە كەلگەنلىك شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتتە ناخشا ئېيتماقتا، تاماشىبىنلار ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن مەست بولۇشتى ... بۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا يەنە نۇرغۇن ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن گەپلەر بار ئىدى. مەسىلەن، «بالدۇر يېتىلگەن تالانت»، «يېڭى ئېچىلغان غۇنچە»، «ساپ سەنئەت»، «ئۇ سەنئەتكارنىڭ قىزى»، «ئۇ ئۆزىمۇ سەنئەتكار، بۇنىڭغا ئەجەبلىنىش كەتمەيدۇ». مەخسۇس مۇھاجىرلارنىڭ پۇل ـ دۇنياسىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش ھېسابىغا چىقىرىلىۋاتقان لىۋان گېزىت ـ ژۇرناللىرى ساختىپەزلىكتە ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن.

مەن سالىمنىڭ دادىسى سامىھا داۋۇدنىڭ رەسىمىنى كۆردۈم. سالىمغا قارىغاندا سامى ئۇنىڭغا بەكرەك ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىن تېخىمۇ ئىشەنچ، كۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئۆتكۈرلۈك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا قىزغۇچ شىلەپە كىيگەن، قولىدا ئالتۇن دەستىلىك ھاسا، بارمىقىدا ئالماس ئۈزۈك،

www.uyghurkitap.com

چىرايىدا تەكەببۇرلۇق، تۇرقى ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. بۇ ژۇرناللار بۇ ئاتىنىڭ تالانتى توغرىسىدا بولۇشىغا كۆپتۈرۈپ گەپ ساتقان، «مۇھاجىر شائىرلار شاھى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىغا ئۇنىڭ شېئىرلىرى بېرىلگەنىدى.

مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ باقتىم، ئۇلار شېئىر ئەمەس، سۆز ـ جۈملىلەردىن دۆۋىلەنگەن تاش ـ كېسەك ئىدى، نە قاپىيە، نە شېئىرىي پۇراق يوق، تىلىمۇ ھېچقانداق پاساھەتلىك ئەمەس. مەن بۇ ئاتىنىڭ نېمە ئۈچۈن «شائىر» بولغۇسى كېلىپ قالغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. بەلكىم ئافرىقىدىكى مۇھاجىرلار تۇرۇۋاتقان بېكىنمە، تار جەمئىيەت ئۇلارنى ئاتالمىش سەنئەتكە بولغان ھەۋەس ئىچىدىن تەسەللى تېپىشقا، تەنھالىق تۇيغۇسىنى بېسىشقا، ھەتتا ئۆزىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇرلىغاندۇ. بۇ ھەۋەسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خام خىيال، قىلچە ئەمەلىيەت ئاساسى يوق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى شائىر دەپ تەسەۋۋۇر قىلسا، بەزىلىرى ئۆزىنى مۇزىكانت دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان، بەزىلىرى ئۆزىنى ئارتىس دەپ تەسەۋۋۇر قىلسا، بەزىلىرى ئۆزىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ داڭلىق پىيانىست دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان، مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار كۆپ. بۇ ئاتا بەلكىم كىچىك ۋاقتىدا شېئىر يېزىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولغان بولسا كېرەك. ئۇ كاتتا بايغا ئايلانغاندىن كېيىن پۇلىنىڭ كۈچى بىلەن شېئىرلىرىنى باشقىلارغا زورلاپ تاڭغان. ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋېلىپ ئادەتلەنگەچكە، ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغانلارنىمۇ سېتىۋالغان. ئۇ لىۋاندىكى ژۇرناللارنىڭ خوجايىنلىرىغا نۇرغۇن پۇل بەرگەن، ئۆزىنى ھەقىقىي شائىر دەپ ئىشەنگەن.

مەن ژۇرناللارنى بىر قۇر كۆرۈپ بولۇپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم، سامىيەنىڭ سۈرىتى بېسىلغان سانىنى قەستەن ئەڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم. مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ ياتاقتىلا ناشتا قىلدىم، ئاندىن ئىشىكباقارغا مېنى ئىزدىگەن

ھەرقانداق قىزنى كىرگۈزۈۋېتىشنى تاپىلاپ قويدۇم.

مەن سامىيەنى ساقلاۋاتاتتىم.

مەن سامىيە بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويمىغان، لېكىن سامىيەنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇ تۇنۇگۈن مەن بىلەن لىۋانغا بارىدىغان ۋاقىتنى كېلىشىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن، لېكىن كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن، مېنى تاشلاپ ئۆزى كېتىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ بۈگۈن يەنە كېلىدۇ، مەن بىلەن لىۋانغا بارىدىغان ۋاقىتنى دېيىشىۋالغىلى كېلىدۇ.

سامىيەنىڭ روھىي ھالىتى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى لىۋانغا بېرىش. ئۇ ماڭا، مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ھېس قىلىدۇ، لېكىن بۇ خىل موھتاجلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئامالسىز، ئۇنى تونۇپ يېتىشكە ئامالسىز، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى، مەندەك بىر دوختۇرغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ماڭا بولغان ئېھتىياجىنى ئىچكى ئاڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ، ئۇ لىۋانغا بېرىشى كېرەك!

سامىيەنىڭ روھىي ھالىتى يەنە ئۇنىڭ لىۋانغا بارمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ، لېكىن لىۋان ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ گۈزەل ئارزۇلار ئىچىدە ياشىغان ئاشۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسى داڭلىق ناخشىچى بولۇش. دادىسى ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى رېئاللىق قىلىپ كۆرسەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ خىيالىي دۇنيا ئىچىدە ياشىغان. لېكىن، ئۆكىسى سالىم قاتتىقلىق قىلىش ۋە ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچكى ئېڭىنى باسقاندا، ئۇ بۇ ئارزۇسى ئالدىدا ئامالسىز قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى لىۋانغا بېرىش بولۇپ قالغان.

مانا بۇ سامىيەنىڭ ئىچكى ھالىتى.

مەن ناھايىتى ئۇزاق ساقلىدىم، ئۇمىدىم ئاساسەن ئۈزۈلگەنىدى.

سائەت ئون يېرىم بولغاندا ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىشىك ناھايىتى بوش ھەم ئىككىلىنىش ئىچىدە ئۇرۇلۇۋاتاتتى.

مەن ئىشىكنى ئاچتىم.

ئىشىك ئالدىدا سامىيە تۇراتتى، چىرايى تېخىمۇ جۈدەڭگۈ، قان دىدارى يوق.

مەن ئۇنى كۈلۈمسىرەپ كۈتۈۋالدىم، ئۆزۈمنى خۇشال كۆرسىتىشكە تىرىشتىم، پۈتۈن زېھنىم ۋە پىكرىمنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئادەتتىكى چاغدىكىگە ئوخشاش ئېغىز ئاچتىم:

— قارشى ئالىمەن، سامىيە!

ئۇ ياتاقتا تارتىنىپقىنا كىردى، خۇددى بىرىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك، ياتاقنىڭ تۆت ئەتراپىغا قاراپ چىقتى، ئاندىن پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— خەيرلىك ئەتىگەن!

ئۆزۈمنى تېخىمۇ خۇشال كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ، گەپنى ئۇدۇللا قىلدىم:

— سىزنىڭ سۈرىتىڭىز گېزىتكە بېسىلىپتۇ!

مەن بۈگۈن ياكى ئون بەش يىلنىڭ ئالدىدا بېسىلغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىم.

سامىيە قاتتىق ھەيران قالدى.

ئۇ خۇددى مىخلاپ قويغاندەك ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قالغانىدى.

ئۇ گەپ قىلمايتتى، يوغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قاراپلا تۇراتتى.

مەن چىرايىمدىن تەبەسسۇمنى ئۆچۈرمەي تۇرۇپ سورىدىم:

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ ناخشىچى ئىكەنلىكىڭىزنى، ناخشا

ئېيتالايدىغانلىقىڭىزنى نېمىشقا مەندىن يوشۇردىڭىز؟

ئۇ نەپەسى يېتىشمەي ئاران گەپ قىلدى، ئاۋازى لەۋلىرى ئارىسىدىن ئەمەس، كانىيىدىن بىۋاسىتە چىقىۋاتقاندەك ئىدى:

— ناخشىچى ... مەن ناخشا ئېيتىمەن ... ناخشىچى ... ناخشىچى قىز ...

مەن ئۈستەل ئۈستىدىكى گېزىتنى ئالدىم، ئۇنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم.

— قاراڭ، — دېدىم مەن، — سىز رەسىمدە نېمىدېگەن چىرايلىق!

مەن ئۇنى ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىلگىرى چىرايلىق ئىكەنسىز دېگەن گەپنى قىلمىدىم.

سامىيە گېزىتنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ سۈرىتىگە قارىدى، خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى، چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ، نەپەسى ئىتتىكلىدى. كېيىن ناھايىتى زورۇقۇش ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرى قېتىپ قالغان، لەۋلىرى ھەم يېپىلغانىدى. ئۇ گېزىت تۇتقان قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ، خۇددى قىزىقارلىق بىر نەرسىگە قارىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئاخىرىدا مۇلايىم ئاۋازدا گەپ ئاچتى:

— كىشىلەر ماڭا ئۇزۇنغىچە ئالقىش ياڭراتتى، بىر ئايال ماڭا قارىتىپ ئەتىرگۈل تاشلىدى، ئەرلەر ئاسمانغا قارىتىپ مىلتىق ئاتتى. ئۇلار سامىيەنىڭ كۆزلىرى ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىۋاتاتتى. گاھىرە رېستورانىنىڭ غوجايىنى خەۋاگا سىلكىس مېنىڭ ھەر كۈنى كەچتە رېستوراندا ناخشا ئېيتىپ بېرىشىمنى دادامدىن ئۆتۈندى. ئۇ مەن بىلەن توختام تۈزمەكچى بولدى، يەنە ...

سامىيە گاھىرە رېستورانىدا ئېيتقان ناخشىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلىدى. ئۇ ئىلگىرى دادىسى توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، ئاشۇ رېستوراندىكى

زىياپەتنىڭ گېپىنى قىلغان، لېكىن ئۆزى توغرۇلۇق ئازراقمۇ گەپ چىقارمىغانىدى، ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتقانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئالقىش ياغدۇرغانلىقى، گېزىتكە سۈرىتى بېسىلغانلىقى توغرۇلۇق بىر ئېغىز تىنمىغانىدى.

مەن كۆلۈمسىرىدىم، ئاللانىڭ قۇدرىتىگە ھەمدۇ سانا ئوقۇدۇم.

گېزىتتىكى سۈرىتى ئارقىلىق سامىيەنى قوزغىتىش پىلانىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئۇنى يۈكسەك ئارزۇسى ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىش، ئىلگىرى ئۆزى ياشىغان خىيالدىكى رېئاللىق ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىش پىلانىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. لېكىن، بۇ قىسمەن مۇۋەپپەقىيەت ئىدى، سامىيەنىڭ كېسەللىك تۈگۈنىنى قىسمەن يەشكەنىدىم، ئۇنىڭ كېسەللىك تۈگۈنىنى تولۇق يېشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى ئاشۇ بۈيۈك ئارزۇلىرى ئىچىگە قايتۇرۇپ كىرىپ، ئاندىن ئۇنى خىيالىي دۇنيا ئىچىدىن ئويغىتىشقا توغرا كېلەتتى.

سامىيە گاھىرە رېستورانىدىكى زىياپەت توغرۇلۇق تېخىچە توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ سۆزلەيدىغانلىرى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ گەپتىن توختاپ قالدى، چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى، ئاغزى يوغان ئېچىلدى، گېزىت قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ توختىماي چىرقىراشقا باشلىدى، مەن دەرھال بار كۈچۈم بىلەن چاۋاك چالدىم.

سامىيە ۋارقىرايتتى.

مەن توختىماي چاۋاك چالاتتىم. مەن چاۋاك ئاۋازى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى بېسىپ چۈشۈشكە تىرىشاتتىم.

سامىيە تېخىچە ۋارقىراۋاتاتتى، مەنمۇ ۋارقىرىدىم:

— سامىيە، ناخشا ئېيتىڭ! ناخشا ئېيتىڭ! ناخشىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار، توختاپ قالماڭ، ناخشا ئېيتىڭ! مەن ئۆمۈم كۆلسۇمنى ناخشا ئېيت دېسەم، ئۇ شۇ ھامان ئېيتاتتى!

سامىيە ۋارقىراۋاتاتتى، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىن كەينىگە

چىكىندى، چىكىنىپ بىرىپ كارىۋاتقا تاقىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

مەن يەنە بىر خىل تۈيۈقسىز زەربە بىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولدۇم.

— سامىيە، ناخشا ئېيتىڭ، — دېدىم مەن، — سالىم ئەمدى سىزنى ئۇرمايدۇ. ئۇ ئۇرمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ماڭا ۋەدە بەردى، ئۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇ ۋارقىراشتىن تۈيۈقسىز توختىدى.

ئۇ گۇمانىي نەزەردە ماڭا قارىدى، ئاندىن جىددىي ئاۋازدا تەكرارلىدى:

— سالىم مېنى ئۇرمايدۇ، ئۇ مېنى ئۇرمايدۇ، سالىم مېنى ئۇرمايدۇ.

كېيىن ئۇ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى لەۋلىرىدە قېتىپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، كارىۋاتتا يېتىپ قالدى.

ئۇ ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئېلىشىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە هوشىدىن كەتكەن بولسا كېرەك.

مەن سامىيە ۋارقىراشتىكى سەۋەبنى بىلدىم.

سامىيەنىڭ ئېچكى ئېڭى تۈيۈقسىز ئۇنى ئۇ ناخشا ئېيتقان ئاشۇ باسقۇچتىن ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشى چەكلەنگەن، سالىم ئۇنى ئۇرغان باسقۇچقا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ ۋارقىراشقا باشلىغان. بۇ چاغدا، تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان مەنزىرىنىڭ ئورنىغا، سالىم ئۇنى ئۇرۇۋاتقان مەنزىرە ئالماشقان. بۇ چاغدا مەن چاۋاك چېلىپ، كۆز ئالدىدىكىسى باش ـ كۆزىگە تېگىۋاتقان تاياق ئەمەس، ئۆزىگە چېلىنىۋاتقان چاۋاك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە تۈرتكە بولدۇم. ئەمەلىيەتتە ئۇ تاياق يېگەندىكى ئاغرىقنى هېس قىلمىغان، بۇ هال مېنىڭ خىيالىمنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن. ئۇنىڭغا ئۇرۇش بىلەن چاۋاك چېلىش ئوخشاش

بىر نەرسە بولۇپ تۇيۇلغان. مېنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم، ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭىنىڭ ئىچكى ئاڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەم قىلىش، ئۇنى ۋەھىمە ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. مەن «سالىم سىزنى ئۇرمايدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز بىر تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرغىنىمدا، مەقسىتىم ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭىنىڭ ئاۋازى بولۇش ئىدى. چۈنكى، ئۇ سالىمنىڭ ئۇنى ئۇرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىمدىن خەۋەرسىز ئىدى، مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭى ماڭا ئاسان بويسۇناتتى.

بۇ پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

لېكىن، سامىيە ئۇخلاپ قالدى ياكى ھوشىدىن كەتكەندۇ. مەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئەھۋالىدا ئويغىنىشىدىن بەك ئەنسىرەيمەن. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇنىڭ يۈكسەك ئارزۇسى قېچىپ كېتىدۇ. سالىمنىڭ تايىقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۇ يۈكسەك ئارزۇسىنى ئىچكى ئېڭىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇپ تۇرغان.

مەن سامىيەنى ئوڭشاپ ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە ئەدىيال يېپىپ قويدۇم. ئاندىن مۇلازىمەتچىنى چاقىرىپ، سالىمنىڭ ماگىزىنىغا دەرھال تاكسى بىلەن بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتتىم.

مەن مۇلازىمەتچىنىڭ قولىغا ئارتۇقى بىلەن پۇل بەردىم.

سامىيە يۈكسەك ئارزۇسى قويىنىدىن ئويغانغاندا قوللىنىدىغان ئۇچىنچى ئۇسۇل ئۈستىدە ئويلىنىپ كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇنى ھازىرغىچە بىر ئىزدا توختاپ ياشاۋاتقان يېشى ــ ئون ياشتىن ھەقىقىي يېشى ــ يىگىرمە بەش ياشقا ئەكېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ تەبىئىي تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشۇم كېرەك ئىدى.

سالىم كەلدى، ياتىقىمغا ئۈچقاندەك كىرىپ كەلدى، كارىۋات ئۈستىدە ياتقان ھەدىسىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى:

ــ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم:

— چوڭ ئىش يوق، بىر دەملىك ئىسمنى يوقىتىپ قويدى شۇ.
— ئۇ قاچان ھوشىدىن كەتتى؟ نېمە بولۇپ؟ ئۇنى نېمە قىلدىڭ؟
— ھازىرچە بۇلارنى سوراشتۇرمەي تۇر، — دېدىم مەن سالماق ئاھاڭدا.
مەن ئۇنىڭغا سامىيەنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ بەردىم، سامىيەنىڭ ساقىيىشىغا يەنە بىر قەدەملا قالغانلىقىنى ئېيتتىم.
مەن سالىمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىم:
— باماكودا شەرق مۇزىكا ئەترىتى بارمۇ؟
سالىم سەل چۈشىنەلمەي سورىدى:
— بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟
— بىز مۇزىكا يىغىلىشى ئۆتكۈزىمىز، — دېدىم مەن، — سامىيە مۇزىكا ئەترىتىنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ناخشا ئېيتىدۇ!
سالىم لىۋان يەرلىك تىلىدا ۋارقىرىدى:
— سىنىڭ ئۆيۈڭ ئۆرۈلۈپ كەتتى! سەن سامىيەنى قانداق قىلماقچى؟ ئۇنىڭ ئاۋازى مۇشۇكنىڭ ئاۋازىدىنمۇ سەت!
مەن كۈلۈمسىرەپ يەنىلا سالماق ئاۋازدا گەپ قىلدىم:
— بۇنى بىلىمەن، مەندە ھازىر مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق.
— سەن بىزنى پۈتۈن شەھەر خەلقى ئالدىدا كۈلكىگە قويماقچىمۇ!
— سەن مېھمانلارغا سامىيەنىڭ ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى ئېيتمايسەن، ئۇلارنى مۇزىكا يىغىلىشىغا تەكلىپ قىلىپ قويساڭلا بولىدى.
— مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس! بۇ بىزنىڭ نام - ئابرۇيىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ!
— سالىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ماڭا

ياردەم قىلىشىڭنى ئۆتۈنىمەن. ھەدەڭنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا مەندىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

سالىم بېشىنى يەرگە قىلىپ ئۇزاقىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى.

— بىزنىڭ مۇھاجىرلار ئىچىدە بەزى سازەندىلەر بار، — دېدى ئۇ باشقا ياققا قاراپ تۇرۇپ، — بىرى ئىسكىرىپكا، بىرى چارتار، بىرى ئارفا چالىدۇ، يەنە دۇمباق ۋە ...

مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم:

— بولدى، مۇشۇلارلا يېتىدۇ. مۇزىكا يىغىلىشىنى قاچان ئۆتكۈزىمىز؟

سالىم پۈتۈن ئىشنى ماڭا ۋە خۇداغا تاپشۇرغاندەك ئىدى:

— ئىختىيارىڭ!

— ئەتە كەچتە ئۆتكۈزەيلى.

ئۇ باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— يەنە بىر ئىش، سامىيە ئۇزاققا قالمايلا ئېسىگە كېلىدۇ، ئاشۇ يىللىرى ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدە بولىدۇ. ئاشۇ چاغلاردا، ئۇ دادىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنى كاتتا ناخشىچى دەپ ئىشەنگەن. ئەمدى سەندىن تەلەپ قىلىدىغىنىم، سامىيەگە داڭلىق ناخشىچىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىسەن. ئۇ ئۆزىنى ئۇن ياش ۋاقتىدىكىدەك ھېس قىلسۇن. ئاندىن ئۇنى ئۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىشىڭ كېرەك. ئۇ سەندىن تاياق يېگىنىنى تېخى تونۇگۈن بولغان ئىشتەك ھېس قىلسۇن، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭغا ئىشەنسۇن، بەزىدە ئائىلە ئىقتىسادى ياخشى بولمىغانلىقتىن نېرۋاڭ ئۆرلەپ قالغاندا ئۇنى جىلچىلىكتە ئۇرۇپ سالغانلىقىڭغا ئىشەنسۇن.



www.uyghurkitap.com

سالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى، ئاندىن يەنە بېشىنى يەرگە ئېلىپ گەپ ئاچتى:

— بۇيرۇققا بويسۇنىمەن !

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دورا ساندۇقۇمنى ئاچتىم، قوزغاتقۇچى ئوكۇلنى ئېلىپ سامىيەگە سالدىم، ئاندىن بۇرنىنىڭ يېنىغا قوزغاتقۇچى دورىغا چىلانغان پاختىنى قويۇپ قويدۇم.

سامىيە ئۇزۇنغا قالمايلا ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشىغا سالىم ئۇنى قۇچاقلاپ، ئىچ ئاغرىتقان هالدا:

— سامىيە، يۈر، ئۆيگە قايتايلى ! — دېدى.

سامىيە ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ماڭدى، ماغدۇرسىز، چىرايى تاتىراڭغۇ ئىدى. سالىم ئۇنى بېلىدىن تۇتۇپ يۆلەپ ماڭدى. ئۇلار ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، مەن سالىمغا ئىلهام بەرمەكچى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدىم:

— سامى سائەت يەتتىدە مېنىڭ يېنىمغا كېلىدىغان ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويدۇڭمۇ؟

— هەئە، ئۇ سىنى ئىزدەپ كېلىدۇ.

سالىم هەدىسىنى يۆلەپ چىقىپ كەتتى. سالىم ۋە سامىيەنىڭ ئەهۋالىغا قاراپ يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى.

مەن چۈشلۈك تاماقنى يەۋېلىش ئۈچۈن ياتاقتىن چىقىپ پەستىكى تاماقخانىغا ماڭدىم. مېهمانسارايىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ تۇرۇپ ئىشىكباقارغا دېدىم:

— سائەت سەككىزدە بىر نېگىر قىز مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، ئۇنى كىرگۈزۈۋەتكەن بولساڭ.

— دوختۇر، بولمايدۇ، بۇ قانۇن ! — دېدى ئىشىكباقار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

مەن يانچۇقۇمدىن قولۇمنى چىقاردىم، قولۇمدا بەش مىڭ فرانك، يەنى تەخمىنەن بەش پوند ① پۇل بار ئىدى. مەن پۇلنى

① مىسىر پوندىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىشىكباقارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم.

— ئۇرۇنۇپ باققىن، مۇھىم ئىش بار ئىدى.

ئىشىكباقار پۇلنى سىقىمداپ تۇرۇپ، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان كۈلكىسى بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئۇرۇنۇپ باقاي.

## 9

سامى سائەت يەتتىلەر بىلەن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى، ماڭا قارىمايلا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، تاتىراڭغۇ، كۆزلىرىدە گاڭگىراش، بىر كېچە ئۇخلىمىغاندەك، تولىمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ كاللىسىدا مىڭ بىر خىيال ئەگىپ يۈرەتتى.

مەن ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا گەپ ئاچتىم:

— مەن سېنىڭ بالىلىق ۋاقتىڭدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىمەن.

سامى بېشىنى سالماقلىق بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى، مېيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلكە ئېسىلىپ تۇراتتى.

— نېمىلەرنى بىلىسەن؟ — سورىدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلەۋېتىپ جاۋاب بەردىم:

— مەن ئىلگىرى سېنىڭ نېگىر بالىلار بىلەن ئوينىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

سامىنىڭ كىرپىكلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ بارماقلىرىنى يىغىپ مۇشتۇمىنى تۈگدى، نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئىلگىرى ئۇلارنى ئۇراتتىم.
مەن دەرھال گەپ قوشتۇم:
— سەن ئۇلارغا كەمپۈت، شاكىلاتلارنىمۇ بەرگەن.
سامى بۇ ئىشلارنى مېنىڭ نەدىن بىلىۋالغانلىقىمغا ھەيران بولۇۋاتقاندەك، ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى، بۇ گېپىمگە جاۋاب قايتۇرمىدى.
مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، تولىمۇ ئاددەتتىكى تەلەپپۇزدا گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم:
— ئۇ چاغدا بىر نېگىر ئايال دائىم سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان، ساڭا نېگىرلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن.
سامى رۇسلىنىپ ئولتۇردى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سورىدى:
— نېگىر ئايال؟
— شۇنداق.
ئۇ ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك، قوشۇمىسىنى تۈردى، ئاندىن ئېتىبارسىزلا جاۋاب بەردى:
— ئېسىمدە يوق.
— ئويدانىراق ئويلاپ باققىن، — دېدىم مەن سالماق ئاۋازدا.
ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى:
— نېمىشقا ئويلاپ باققۇدەكمەن؟
مەن كەسكىن نەزەردە ئۇنىڭغا قارىدىم:
— چۈنكى مەن سەندىن شۇنى تەلەپ قىلىمەن!
ئۇنىڭ يۈزى ئېسىلىپ كەتتى، ئاچچىق بىلەن ئېغىز ئاچتى.
— نېمە ئۈچۈن؟ سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۆمۈر تارىخىمنى تەكشۈرىسەن؟ سەن بىلەن تونۇشقاندىن بېرى، مەن ئۆزۈمنى بىر خىل ئاجايىپ مۇھىتنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغاندەك، ماڭا بىر سۇيىقەست باردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.
مەن يەنىلا سالماقلىق بىلەن گەپ قىلدىم:

www.uyghurkitap.com

— بىرى ساڭا ياردەم قىلماقچى.
ئۇ ئورنىدىن قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— نېمىگە ياردەم قىلىدىكەن؟ كىم ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىپتۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئادەملەرنىڭ چۈشىنىكسىز كەيپىياتى زادى نېمە ئۈچۈن؟
ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تېخىمۇ سالماق ئاۋازدا ئېغىز ئاچتىم:
— چۈنكى سەن كېسەل.
ئۇنىڭ بېشى سىلكىندى، چىرايى سارغىيىپ كەتتى، لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەندى.
— مەندە كېسەل يوق! — دېدى ئۇ.
مەن كەسكىن تەلەپپۇزدا دېدىم:
— سەندە كېسەل بار، بۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن.
سامىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا جىددىي ئېلىشىش باشلاندى، ئۇ بۇ ئېلىشىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولاتتى، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن سورىدى:
— مەن نېمە كېسەلكەنمەن؟
مەن بۇرۇنقىدەك سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم:
— سېنىڭ كېسىلىڭ «قوش مىجەز» دەپ ئاتىلىدۇ.
سامى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ، باشقا ياققا قاراپ تۇرۇپ سورىدى:
— بۇ قانداق گەپ؟
مەن قىسقىلا چۈشەندۈردۈم:
— ئىنىڭ سالىمنىڭ بىر كۈنى سېنى ئورماندىن تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقانلىقى ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ چاغدا ئورمانغا مەنمۇ سالىم بىلەن بىللە بارغان. سەن ئۇ يەردە نېگىرلار بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتىكەنسەن.
ئۇ ۋارقىراپ كەتتى:
— مەن ئورمانغا بارمىغان، ئۆمرۈمدە نېگىرلار بىلەن

ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغان، مەن نىگىرلارنى كۆزگە ئىلمايمەن. ئۇكام سالىم ئىككىڭلار خاتالىشىۋاتىسىلەر!
مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدىم:
— راست، سەن شۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيسەن، ئەگەر ساق بولغان بولساڭ بۇنى بىلگەن بولاتتىڭ.
سامى يەنە ۋارقىرىدى:
— مېنى كېسەل دېمىگىن!
ئۇ شۇ گەپتىن كېيىن جىمىپ قالدى، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ نەپىسى جىددىيلىشىشكە باشلىدى، چىرايى تېخىمۇ سارغىيىپ كەتتى.
سامى شۇ پېتى جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.
مەنمۇ گەپ قىلمىدىم. ماڭا ئايان، ئۇ گەپ قىلمىغان ۋاقىت ئېلىشىۋاتقان ۋاقىت، ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭى ئىچكى ئاڭنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئېلىشىۋاتقان بولىدۇ.
كېيىن ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ئېغىز ئاچتى:
— مەن قانداقتۇر بىرنەرسە مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىمەن، لېكىن ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن، ئۇ نەرسىلەر تۇماننىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ، تۇماننى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولىمەن، لېكىن قۇدرىتىم يەتمەيدۇ.
— كىچىك ۋاقتىڭدا سەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ساڭا نىگىرلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان نىگىر ئايال ئېسىڭدىمۇ؟
سامى تۇماندىن ئىچىدىن بۆسۈپ كەتمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، ئاندىن:
— ياق، ئېسىمدە يوق. مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا ئۇ ئايالنىڭ ئىزناسى يوق، — دېدى.
— ئۇ ئايالنىڭ ئىزناسى سېنىڭ تۇرمۇشۇڭدا يوقلا ئەمەس، ئۇ تۇرمۇشۇڭدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇ يەنىلا ئۆز گېپىنى تەكرارلىدى:

— ئۇ ئايال ئېسىمدە يوق.

— ئوبدانراق ئويلاپ باققىن، ئۇنى ئېسىڭگە ئالالايسەن.

ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، يۈزىدىكى تەرنى قولى بىلەن سۈرتتى، ئاندىن يىغلىغاندەك ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— ئېسىمگە ئالالمايمەن ... ئېسىمگە ئالالمايمەن ...

— نېگىرلار پادىشاھى سۇندىياتا توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئېسىڭدىمۇ؟ — سورىدىم مەن.

ئۇ بېشىنى مەن تەرەپكە بۇراپ جاۋاب بەردى:

— سۇندىياتا توغرۇلۇق ھېكايىلەرنىڭ ھازىر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مەن بۇنى چۈشىنەلمىدىم، سەن مېنى قەستەن قىيناۋاتىسەن !

مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا سورىدىم:

— بۇ ھېكايىلەرنى قاچان ئاڭلىغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

— مەن ئۇنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمەن، ئۇ ناھايىتى مەشھۇر ھېكايە. فىرانسىيەلىكلەر يازغان مالىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق ھەرقانداق كىتابتا سۇندىياتا ھەققىدە ھېكايە بار.

— لېكىن سەن ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ باقمىغان، پەقەت ئۇ ھېكايىلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان، — دېدىم مەن، — ئۇ چاغدا سەن تېخى كىچىك بالا ئىدىڭ. نېگىر باللار بىلەن توپىغا مىلىنىپ ئويناپتىتىڭ. چىرايلىق، تولىمۇ چىرايلىق ئوتتۇرا ياش بىر نېگىر ئايال سىلەر ئويناپدىغان توپىلىقتىكى ئەرەب كاۋچۇك دەرىخى ئاستىدا دائىم ئولتۇراتتى. ئۇ ئايال سېنى چاقىرسىلا، سەن خۇشاللىق بىلەن يېنىغا بارىسەن، پاكىز، ئېسىل كىيىملىرىڭنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتىشىگە قارىماي، يەرگە ئۆزۈڭنى تاشلاپلا ئولتۇرىسەن. ئۇ ساڭا بەزى سوۋغاتلارنى — نېگىرلار ئويناپدىغان ئويۇنچۇقلارنى بېرىدۇ، ئاندىن ساڭا پادىشاھ سۇندىياتا ھەققىدە ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئايال ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپلا كېتىدۇ، ئۇ چاغدا سەن ئۇ ئايالنى ياخشى

كـۆرەتتىڭ، يـاخشى كۆرەتـتىڭ ـ يۇ، لـېكىن نـېمىشـقا ياخـشـى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلمەيـتتىڭ. كـېيىن ئـۇ ئايال كەلـمەيدىغـان بولۇپ قالدى، سەن ئۇنى ئۇزاق ساقـلىدىڭ، هـەر كۈنى دېگـۈدەك ساقـلـىدىڭ. كـېـيـىن سـەن ئـۇنى ئاسـتـا ـ ئاسـتـا ئـۇنتـۇشـقـا باشلىدىڭ، ئۇ ئايال سېنىڭ ئىچكى ئېڭىڭدىن غايىب بولدى.

مـەن سۆزلەۋاتقـاندا، سامـى تـولـمـۇ تـەستە نـەپـەس ئېلـىـپ ئولـتـۇردى، كـۆزلـىـرىـدە گـاڭگـىـراش، بـاش ـ كـۆزىـدىـن تـەر قـۇيۇلاتتى، بـارماقلـىـرى ئورۇندۇقنـىڭ تۇتقـۇچىغا كـىـرىشـىـپ قالغان، قانداقتۇر بىرنەرسىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك، ئورۇندۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى، كېيىن ئۇ غۇدۇرىدى:

ــ ئېسىمدە يوق ! ئېسىمدە يوق!

مەن ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشتىم:

ــ سېنىڭ ئېنىق ئېسىڭدە بار. ئۇ ئايال يالغۇز خـاتىرەڭدىـلا ساقلانغان ئەمەس، ئۇ يۇرىكىڭنىڭ چوڭقـۇر قاتلـىمىدا مەۋجـۇت. سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇنـىڭ ئارقـىسىدىن ئـەگىشـىـپ ماڭغان. سەن يېقىندىلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشـكەن، تېخـى ئىككـى كۈنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان.

غۇدۇرىغـانـدەك ئاۋاز بىـلـەن جىددىـي نـەپەس ئاۋازى بـىـر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى:

ــ مەن ... مەن ... مۇمكـىن ئەمەس ... مـەن ئۇنى نېـمىشقـا ئىزدىگۈدەكمەن؟

مەن سالـماقلـىق ئىچىـدىن بىراقـلا ئۇنىڭغا قاتتـىق تەسىـر بېرىش تەرىپىگە ئۆتتۈم:

ــ چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئاپاڭ !

سامى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى:

ــ سەن ساراڭ بـوپسەن ! ئاپـام ئۆلۈپ كـەتـكەن ! ئۇ ئـۆلـۈپ كەتكەن !

ــ ئۆلۈپ كەتكىنى سېنىڭ ئاپاڭ ئەمەس.

ــ سەن ساراڭ بوپسەن ! ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىسەن !

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم، ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى سالماق ئاۋازىم بىلەن باستىم، خۇددى ئۇنى پەپىلەۋاتقاندەك گەپ قىلدىم:

— سەن مېنىڭ سۆزلەۋاتقانلىرىمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى يۈرىكىڭمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەن ھەقىقەتكە يۈزلىنىشكە ئۇرۇنۇپ باق! سەن ھازىر بۇ ھەقىقەتتىن گۇمانلىنىۋاتىسەن، لېكىن مېنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىمنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئامالسىز قېلىۋاتىسەن. سەن پەقەت بۇ ھەقىقەتتىن گۇمانلىنىۋاتىسەن. بۇنىڭدىن گۇمانلانمىغىن، گۇمانلانماسلىقىڭ كېرەك!

سامى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلغان، يۈزىدە ئىككى كۆزىدىن باشقا نەرسە يوقتەك ئىدى:

— سەن ساراڭ بوپسەن! سەن مېنىمۇ ساراڭ قىلماقچى!

سامى كىچىك ئورۇندۇقنى ئېلىپ ماڭا قارىتىپ ئاتتى ۋە يەنە ۋارقىرىدى:

— سەن مېنى ئەقلىمدىن ئازدۇرمىغىن! مېنى ئەقلىمدىن ئازدۇرمىغىن!

سامىنىڭ يۈز تېرىلىرى تارتىشىپ، ئىككى مەڭزى خۇددى يۈزىدىن ئايرىلىپ چىقماقچى بولغاندەك دەھشەتلىك لىپىلداشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئىككى كۆزى ئەسەبىيلەشكەندەك كۈچلۈك نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى.

مەن مۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە كۆنۈك ئىدىم، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بىمارلىرىمنىڭ ئەسەبىيلىكلىرىدىن ئۆزۈمنى قانداق چەتكە ئېلىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. مەن ئۇ تاشلىغان ئورۇندۇقتىن ئۆزۈمنى شارتتىدە چەتكە ئالدىم، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا يەنىلا سالماقلىق بىلەن قارىدىم.

سامى ئۆزى تاشلىغان ئورۇندۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى تاشلىغان ئورۇندۇققا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ماڭا قارىدى. ئۇ ھازىرمۇ ھاسىراپ

تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭ تىنچلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.
مەن سائىتىمگە ئىتتىك قارىدىم.
سائەت دەل سەككىز بولغانىدى.
مەن سامىغا بولغان تەسىرنى كۈچەيتمەكچى بولدۇم:
— سەن هازىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىسەن!
نەپەسى بەك جىددىي بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇكۇرۇكلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ، ئىككى جاۋغىيىدا قايناپ تۇراتتى.
— كىم بىلەن؟ — سورىدى ئۇ.
مەن سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم:
— ئاپاڭ بىلەن.
ئۇ يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى، تىلىنىڭ ئاستىدىن كالىنىڭ مۆرىشىدەك ئاۋاز چىقاتتى.
بۇ چاغدا، ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، مەن ئىشىككە قاراپ، ئىشىك ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك بىر جۈپ پۇتنى كۆردۈم.
مەن سامىغا سالماقلىق بىلەن دېدىم:
— هازىر بېرىپ ئىشىكنى ئاچساڭ ئۇنى كۆرىسەن.
سامى ئىشىك چەككەن ئاۋازنى ئاڭلىمىغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ۋارقىرىشى توختىغان، ماڭا گاڭگىراش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ يولدىن ئېزىپ قالغان ئادەمدەك سورىدى:
— قايسى ئىشىكنى؟
— مۇشۇ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى، — دېدىم مەن.
ئۇ يەنىلا مىدىر قىلماي قاراپ تۇراتتى.
مەن بۇيرۇق تەلەپپۇزدا، ئۇنىڭ مىجەزىگە بۇيرۇق قىلغان تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتىم:
— ماڭمامسەن! بېرىپ ئىشىكنى ئاچ!
ئۇ يەنىلا مىدىرلىمىدى.
مەن ئۇنىڭ قولىدىن تارتتىم، لېكىن بەك كۈچەپ تارتمىدىم:

www.uyghurkitap.com

— ئاپاڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەر !

سامى خۇددى مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقاندەك، بىر ئىشىككە، بىر ماڭا قارايتتى.

مەن كۈچلۈك ئاۋازدا مۇراجىئەت قىلدىم:

— ئىشىكنى ئاچ ! ئۇنىڭ ئۆز ئاپاڭ ئىكەنلىكىگە ئۆزۈڭ ئىشىنىپ قالىسەن.

سامى تىترەپ تۇرغان قولىنى سوزدى. قولى ئىشىككە يېقىنلاشقانسېرى بەكرەك تىترەيتتى، نەپىسىمۇ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئىشىكنى بىردىنلا ئاچتى.

ئۇ بوسۇغىدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىنىدانى كۆردى.

ئۇ ئارقىسىغا داجىدى.

ئۇنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى تېخىمۇ تارتىشتى، توققۇز تارمىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.

ئۇ توختىماي ئارقىسىغا داجىيتتى.

بۇ سامى ئاق تەنلىكلەر مىجەزىدىن قارا تەنلىكلەر مىجەزىگە ئۆزگىرىدىغان ئەڭ مۇھىم پەيت ئىدى.

بۇ مەن ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭىنىڭ ئىچكى ئېڭىنى ئېچىپ بېرىشىگە ياردەم قىلالايدىغان بىردىنبىر ۋاقىت ئىدى.

مەن سامىغا يېقىنلاشتىم، ئۇنىڭغا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن تىكىلدىم. كۈچلۈك تەسىرچانلىقتا ئىگە گەپلەرنى قىلدىم:

— سەن بۇ قىزغا ياخشىراق قاراپ باق، كۆزلىرىڭنى ھەرگىز ئەپقاچما. ئۇ ئاشۇ ئايالغا — سەن كىچىك ۋاقتىڭدا كۆرگەن ئاشۇ ئايالغا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئاشۇ ئايالنىڭ ئۆزى دېسەڭمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا ياخشىراق قاراپ باق، ئۆزۈڭنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويما. سەن ھازىر باشقا بىر ئايالنى ئېسىڭگە ئالدىڭ، ئۇ بۇ قىزغا بەك ئوخشايدۇ، ئوخشاش كۆز، ئوخشاش لەۋ، ئوخشاش كۈلۈمسىرەش، ئوخشاش ئۆڭ ...

سامى بىندانىڭ ئالدىدا ئارقىسىغا داجىيتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا داجىشى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇنىڭ ئىدراكىي ئىككى ئىچكى ئىككى ئالدىدا تىخى ئىبرىمىگەن. سامى ئارقىسىغا داجىيتتى، ئۆزي سايمانلىرىنى سىلايتتى، ھەممە ئۆزي سايمانلىرىنى دىگۇدەك تۇتۇپ چىقتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەيتتى، قوللىرى تىترەيتتى. مەڭزلىرى تىترەيتتى، پۇتۇن بەدىنى تىترەيتتى. مەن گىپىمنى توختاتمىدىم. ئۇنىڭ ئىچكى ئىككى ئۇستىدىن غالىب كىلىشىگە ياردەم بىرىش ئۈچۈن، ئىدراكىي ئىككىگە گەپ قىلىۋاتاتتىم.

ئەڭ ئاخىرىدا، سامى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان، نەپىسى جىددىي، پۇتۇن ئەزايىدىن تەر قۇيۇلاتتى.

ئۇ ئۇخلاپ قالمىدى، ھوشىدىنمۇ كەتمىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ قارىدىم، ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنىدىكى ئىپادىنى كۆزەتتىم. بىندا ئىشىك تۇۋىدە تىت ـ تىتلىق ۋە قورقۇش ئىچىدە سامىغا قاراپ تۇراتتى.

مەن سامىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپنى كۈتۈۋاتاتتىم.

ئەگەر ئۇ ۋولۇف تىلىدا گەپ قىلسا، داۋالاش مەغلۇپ بولىدۇ، ئەگەر ئەرەب تىلىدا گەپ قىلسا، داۋالاش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دىگەن گەپ.

مەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم!

سامى كۆزىنى ئاچتى، خۇددى تولىمۇ يىراقتىن قاراۋاتقاندەك، بىنداغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدى. ئاندىن كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇۋالدى، ئەمدى كۆزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قاراۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئادەم قورققۇدەك ھالەتكە كىلىپ، تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردەمدىن كىيىن كۆزلىرىنى يەنە ئاچتى.

ئۇ گەپ قىلدى.

سامى لىۋان تەلەپپۇزىدىكى ئەرەب تىلىدا گەپ قىلدى:

— راست، ئۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدىكەن !

مەن خۇشال بولۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، بۇ غەلىبە خۇشاللىقى ئىدى.

مەن خۇددى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى سىناۋاتقاندەك سورىدىم:

— ئۇ كىمگە ئوخشايدىكەن ؟

سامى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىنداغا يەنە قارىدى، ئاندىن ماڭا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— باشقا بىر ئايالغا ئوخشايدىكەن، ئۇ ئايالنى هازىر مەن تولۇق ئېسىمگە ئالدىم، ئۇ ماڭا سۆندىياتا ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن ئايال. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتكەن. ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن كەتمەكچى بولغاندا، مەن ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، مېنى تاشلاپ كەتمەسلىكنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈنگەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ نىگىر دەرياسىغىچە بارغان. شۇ يەرگە بارغاندا، ئۇ مەندىن ئەمدى ئەگىشىۋالماسلىقنى ئۆتۈنگەن. نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. كېيىن ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىپ قالدى، مېنى تاشلاپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى، ئۆزۈم يالغۇز قايتىپ كەلدىم.

مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدىم:

— سەن ئۇ ئايال توغرۇلۇق داداڭغا گەپ قىلغانمۇ؟

— ياق، مەن ئۇ ئايال ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق ئادەمگە ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان بىر سىر باردەك ھېسسىياتتا ئىدىم، لېكىن ئۇنىڭ نېمە سىر ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم ...

ئۇ ماڭا قاراپ، بويىنىنى سوزۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۇنىڭ مېنىڭ ئاپام ئىكەنلىكىنى ساڭا كىم ئېيتىپ بەردى؟

— ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدىم مەن، —

ئاۋۋال ساڭا قورغاتقۇچ ئوكۇل سېلىپ قوياي، بۇنى سالمىسام بولمايدۇ.

سامىغا قورغاتقۇچى ئوكۇل ئۇرمىسام بولمايتتى. ئۇ توسالغۇدىن ئۆتۈش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقاندا، يۈرىكىنىڭ سوقۇشتىن توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوكۇل تەييارلاشقا كىرىشتىم، سامى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى. بىندا تېخىچە ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى، خۇددى پىرىخۇننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقاندەك، كۆزلىرى سامى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، كۆزى ھەر قېتىم سامىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، خۇددى ئۆزىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالماقچى بولغاندەك، ئىككىلىنىش ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

سامى بىندانى ئېسىگە ئالغاندەك ئەمەس، يەنىلا گاڭگىراش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارايتتى، بەلكىم تېخىچە بىندا بىلەن يەنە بىر ئايالنى سېلىشتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ مەڭز گۆشلىرى تىترەشتىن توختىدى، نەپىسىمۇ نورماللاشتى، بىندا ماڭا سۆزلەپ بەرگەندەك، ئۇ بىندانى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەنتكە بارغان چاغدىكى ھالەتكە كەلدى. لېكىن، ئۇ چاغدا سامىنىڭ چىرايى تەبىئىي، نەپىسى نورمال، مىيىقىدا ھارغىن، كېسەللەرگە خاس تەبەسسۇم بار بولغان بولاتتى.

مەن ئوكۇلنى تەييارلاۋېتىپ، بىنداغا مۇراجىئەت قىلدىم:

— بىندا، ئولتۇرۇڭ، ئىشىكنى يېپىۋېتىڭ!

بىندا ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، ئىككىلىنىش ئىچىدە ئالدىغا ماڭدى، سامى ئاتقان ئورۇندۇقنى ئوڭشاپ قويۇپ ئولتۇردى. مەن سامىنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇنىڭ خاپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم. چۈنكى، بىر نېگىر قىز ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى. تېخى ئۇنىڭغا ئوخشاش ھۆرمەتكە نائىل بولۇۋاتاتتى. لېكىن، سامى خاپا بولمىدى، ئەكسىچە ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ ئورۇندۇقنى بىنداغا بوشتىپ بەرمەكچى بولدى. بىراق، ئۇنىڭغا بەك ھاردۇق يېتىپ كەتكەچكە يەنە ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى، مىيىقىدا يەنىلا تەبەسسۇم ئېسىلىپ تۇراتتى.

بىندا سامىنىڭ قارشىسىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاپپاق چىشلىرىدا خۇشاللىق ۋە تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى.

ئاندىن بىندا خۇددى مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقاندەك، ماڭا قارىدى.

سامى بىندانى ئېسىگە ئالالمىدى.

ئۇ بىندانىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

ئۇ ھەر قېتىم بىندانى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

مەن بىنداغا تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

ئارقىدىن سامىغا ئوكۇل ئۇردۇم. ئۇ ئەرەب تىلىدا سۆزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىن شۇنى مۆلچەرلىغۇدۇمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئېڭى ئۈستىدىن ئاخىر غەلىبە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىچكى ئېڭى ئىدراكىي ئېڭى ئالدىدا ئاجىزلىغان ھەم ھالاكەتكە يۈزلەنگەنىدى:

— سەن ماڭا ئەسلىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرمەمسەن؟

مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:

— سەۋر قىلىپ تۇر !

مەن ئىشكاپنى ئېچىپ، مەخسۇس ساقلاپ قويغان كونىياك ھارىقىنى ئالدىم ۋە سامىغا بىر رومكا قۇيۇپ بەردىم. سامى ئىچىۋېتىپ، ماڭا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قويدى.

ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كارىۋات قىرىدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ھېكايىنى، بارلىق ئىشنى، بارلىق تەپسىلاتلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم، ئۇنىڭ قوش مىجەزلىك ئەھۋالىنى، ئۆزى سەزمەيدىغان نورمالسىز ھەرىكەتلىرىدىن تارتىپ سۆزلەپ بەردىم. سامى ماڭا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ ئولتۇردى. قوزغاتقۇچى ئوكۇل ۋە بىر رومكا كونىياك ئۇنىڭ

يۇزىگە بىر قەۋەت قىزىللىق بەخش ئەتكەنىدى. ئۇ گېپىمنى بۆلۈپ سورىدى:

— مەن شۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلدىممۇ؟ مەن !

— شۇنداق، — دېدىم مەن، — بۇنى كېيىن ئۆزۈڭ بىلىپ قالىسەن.

مەن سامىغا ئۇنىڭ ئاپىسى، تۇغۇلغان ئورنى، بالىلىق دەۋرىنى سۆزلەپ بەردىم، ئاندىن ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى ئېيتىپ، ئاپىسىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى بىرقۇر سۈرەتلەپ بەردىم.

مېنىڭ گەپلىرىم سامىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئىلگىرى، داداڭ ياش ۋاقتىدا بىر نېگىر ئايال بىلەن توي قىلغان، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان، لېكىن ئىشەنمىگەنىدىم، دادامنىڭ مۇنداق باغرى تاشلىق قىلىپ مېنى ئاپام بىلەن كۆرۈشتۇرمەسلىكىنىمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— داداڭنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدىم مەن، — ئۇ مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ قۇربانى. ئافرىقا جەمئىيىتىدە بىر نېگىر ئايالنى ئېلىش بىلەن بىر ئاق تەنلىك ئايالنى ئېلىش ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار.

سامى بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ مەڭزى ئازابلىق لىپىلدايتتى، بۇ سەۋەب بىلەن دادىسىنى كەچۈرۈۋېتىشنى خالىمايۋاتقاندەك ئىدى.

سامى بۇرىلىپ بىنداغا قاراپ، فىرانسۇز تىلىدا سورىدى:

— خانقىز، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

بىندا سامىغا قاراپ قورۇنۇش ئىچىدە جاۋاب بەردى:

— مەن سىزنىڭ كىچىك ئاپامنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن.

سامى قاتتىق ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى، نەپىسى

جىددىيلىشىپ كەتتى:
— مەن سىزنىڭ كىچىك ئاپىڭىزنىڭ ئوغلىمۇ؟
بىندا پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:
— شۇنداق.
مەن سامىغا ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا ئېغىز ئاچتىم:
— بۇ قىز تېخى سىنىڭ خوتۇنۇڭ بولىدۇ!
سامى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— مەنمۇ سىز بىلەن توي قىلدىممۇ؟ مۇمكىن ئەمەس! مۇمكىن ئەمەس! بۇ قۇرۇق گەپ! بۇ يالغان!
بىندانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.
مەن سامىغا سالماقلىق بىلەن گەپ قىلدىم:
— سىنىڭ تويۇڭ قەبىلىدە تىزىمغا ئېلىنغان، بۇنىڭغا پۈتۈن قەبىلىدىكىلەر گۇۋاھ.
سامى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى:
— ئەجەبا ...
— بوينۇڭدىكى تاتۇقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ئېسىڭدىمۇ؟
سامى خۇددى بوينىنى پاشا چېقىۋالغاندەك، قولىنى بوينىدىكى تاتۇققا ئېتتىك ئاپاردى، ئاندىن گاڭگىراش ئىچىدە ئېغىز ئاچتى:
— ياق، ئېسىمدە يوق!
— ئۇ يېڭى تاتۇق، پەيدا بولغىنىغا ئەمدى تۆت كۈن بولدى، — دېدىم مەن.
— بۇنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن تاتۇقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى نېمىشقا ئازراقمۇ ئېسىمگە ئالالمايمەن.
مەن بىنداغا قاراپ تۇرۇپ دېدىم:
— بۇنى بىندا ئېسىڭگە ئالغۇزالايدۇ.
بىندا گەپ قىلماي، بارماقلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— بىندا، گەپ قىلمامسىز ! — دېدىم بىنداغا قاراپ، — ئەمدى يوشۇرغۇدەك ھېچ يېرى قالمىدى.
بىندا بېشىنى يەرگە قىلىپ، پەس ئاۋازدا گەپ باشلىدى:
— بىز ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن، سىز مېنى تارتىپ كەپىگە ئېلىپ كىرمەكچى بولدىڭىز، لېكىن مەن سىزنىڭ قولىڭىزدىن بوشىنىپ، ئورمان ئىچىگە قاراپ قاچتىم. سىز ئارقامدىن قوغلىدىڭىز، ئىككىمىز توختىماي كۆلۈشەتتۇق. بىر چاغدا سىز مېنى تۇتۇۋالدىڭىز. بۇ مېنىڭدىن تېز يۈگۈرەيدىغانلىقىڭىزدىن ئەمەس، مەن قەستەن تۇتۇق بەرگەنىدىم. سىز مېنى تۇتۇۋالدىڭىز، مەن يالغاندىن قارشىلىق قىلدىم. مەن يەنە قاچماقچى بولدۇم، سىز چېچىمدىن تۇتۇۋالماقچى بولدىڭىز، شۇ چاغدا ئېھتىياتسىزلىقتىن تىرنىقىم بويىنىڭىزنى تىلىۋەتتى. بويىڭىزدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. مەن ئۇنى ئاغزىم بىلەن بېسىپ توختاتتىم، ئاندىن ئىككىمىز كەپىگە قايتىپ كەلدۇق.
سامى خۇددى بىندانىڭ چىرايىدىن بولغان ئىشلارنى كۆرمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭ يۈزىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدى.
ئاندىن ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قوللىرى بىلەن بېشىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە جىمىپ كەتتى.
بىندا ئالىقىنى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، تۈيۈقسىز بېشىنى كۆتۈردى ۋە سامىغا ئۆتكۈدەك ئاۋازدا گەپ قىلدى:
— گەپ سىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلغانلىقىڭىزدا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى مېنى ھەقىقىي سۆيگەنلىكىڭىزدە !
سامى بېشىنى كۆتۈرۈپ بىنداغا تىكىلدى، مېيىقىدا ئاچچىق كۈلكە بار ئىدى. ئاندىن بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى:
— مەن مانتىس، دادام ئاق تەنلىك، ئاپام نېگىر.
مەن سامىغا تەسەللى بەردىم:

www.uyghurkitap.com

— بۇ خاتالىق ئەمەس.

— ياق. دوختۇر، كىشىلەرنىڭ مانتىسقا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى سەن چۈشەنمەيسەن.

— بۇ جەمئىيەتتىكى بىر خىل كېسەللىك، مانتىسنىڭ خاتالىقى ئەمەس. مانتىسلار مۇكەممەل بىر ئادەم، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلىيەلەيدۇ.

سامى كەمسىتىش بىلەن باش چايقىدى، خۇددى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك مۇرىلىرىنى ئېتىپ قويدى:

— قېنى كۆرۈپ باقايلى!

ئاندىن ئۇ يەنە قوللىرى بىلەن بېشىنى قاماللاپ ئولتۇردى.

بىندا ئاچچىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قارىدى. كۆزلىرى بىلەن مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ئىدى، چۈنكى مەن ئۇنى سامىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان قىلىپ قويغانىدىم. ئۇ ئاچچىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ئەمدى مەن كەتسەم بولغۇدەك.

مەن بىنداغا سەمىمىيلىك ۋە مىننەتدارلىق بىلەن قارىدىم.

— رەھمەت، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — سىز مېنىڭ تەلىپىم بويىچە ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدىڭىز. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئاچىقالمىغان بولاتتىم!

بىندا مېنىڭ گەپلىرىمگە پىسەنت قىلمىدى، مەن بىلەن قول ئېلىشىپمۇ خوشلاشمىدى.

بىندا ئىشىككە قاراپ كېتىۋاتقاندا، سامى تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەلەپپۇزدا ۋارقىرىدى:

— توختاپ تۇرۇڭ! ئىككىمىز بىللە ماڭايلى!

بىندانىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. خۇددى سامىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ماڭىدىغىنىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك، ئىككىلىنىش ئىچىدە توختىدى.

سامى قولىنى ئۇزىتىپ قولۇمنى تۇتتى. ئاندىن كۈلۈمسىرەپ

تۇرۇپ:

— دوختۇر، ساڭا رەخمەت، مەن يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم! — دېدى.

مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم:

— ئەمدى سەن بىلەن قاچان كۆرۈشەلەيمەن؟

— مەن سېنى يەنە ئىزدەپ كېلىمەن، — دېدى ئۇ.

— سەن بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — مەن ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقماقچى.

— مەن ئىمكان بار كېلىمەن، — دېدى ئۇ.

سامى ئادەتتىكى چاغدىكىدەك ئايغىنىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئەمەس، بېشىنى تىككىدە تۇتۇپ، بىنداغا قاراپ ماڭدى.

— مەن پەسكە ئۆزۈم يالغۇز چۈشۈپ كېتەي، ئىككىمىز يولدا كۆرۈشەيلى، — دېدى بىندا پەس ئاۋازدا، — سىزمۇ بىلىسىز، نېگىرلارنىڭ بۇ مېھمانسارايغا كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. مەن ئوغرىلىقچە چىقىپ كېتەي.

سامى مەغرۇرلۇق بىلەن بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئېغىر لىۋان تەلەپپۇزىدا ئېغىز ئاچتى:

— سىز ئۆزىڭىزنى مېنىڭ خوتۇنۇم دەۋاتامتىڭىز؟ مېنىڭ خوتۇنۇم بولغان ئادەم ئوغرىلىقچە چىقسا بولمايدۇ. ئىككىمىز بىللە ماڭىمىز، سىزگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ!

سامى بىندانى قولتۇقلاپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

بىندا ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى، بەخت ئىچىدە كۆلۈمسىرىدى، مۇشۇ ئارقىلىق ماڭا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك ئىدى.

مەن سامىنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدىم:

— نەگە بارىسەن؟

سامى بىلەن بىندانىڭ قارىسى كۆز ئالدىمدىن تېزلا غايىب بولدى، پەقەت سامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— بىلمەيمەن !

ماڭا مەلۇم، سامى بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىش، مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش، ھايات تارىخىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ۋە ئۆزىدىكى روھىي ھالەتنىڭ مەنبەسىنى ئېچىش !

مەن ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ياپتىم، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، راھەتلىنىپ بىر تىنىدىم، ئاندىن خاتىرەمنى ئېلىپ بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى خاتىرىلەشكە باشلىدىم، لېكىن خاتىرىلەپ بولمايلا ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئون بولغان مەزگىل. ئىشىكنىڭ دەھشەتلىك ئۇرۇلۇشىدىن كېيىن سالىم ياتاققا شامالدەك كىرىپ كەلدى ۋە لىۋان يەرلىك تىلىدا ۋارقىرىدى:

— دوختۇر، سامى ئاخشام ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى !

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىم:

— كەنتكە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭمۇ؟

سالىم ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك جاۋاب بەردى:

— سۈرۈشتۈردۈم، سامى ئۇ يەرگە بارماپتۇ. دوختۇر، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟

— بىندانى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭمۇ؟

— كەنتكە بارسام، ئۇ يەردىكىلەرمۇ بىندانى ئىزدەۋېتىپتۇ. دوختۇر، گەپ قىلساڭچۇ، ئاكامغا زادى نېمە بولدى؟

— خاتىرجەم بول، ئاكاڭ سەللىمازا ساقايدى. مەيلى نېمە بولسۇن، ئۇ يېنىڭغا ساق - سالامەت قايتىپ كېلىدۇ!

— مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟

— ماڭا ئىشەنگىن !

ئەمەلىيەتتە، سامىدىن مەنمۇ تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتىم. ماڭا مەلۇم، مەن ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇل ئۇنىڭ كونا كېسىلىنى قوزغاپ قويۇشى، ئۇنى ئىلگىرىكى ئەھۋالدىنمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، مەن بۇ

ئەندىشەمنى سالىمغا چاندۇرمىدىم. ئۇنىڭ خىيالىنى سامىنىڭ ئىشىدىن چالغىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— مۇزىكا يىغىلىشىنىڭ تەييارلىقى پۈتتىمۇ؟

— ھەئە، تەخ قىلىپ قويدۇم، لېكىن ...

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزدۈم:

— قاچان باشلايمىز؟

— سائەت سەككىزدە.

— سەن سامىيەگە مېنىڭ دېگىنىم بويىچە مۇئامىلە قىلىۋاتقانسەن؟

— ھەئە. مەن سامىيەگە ئون ياش ۋاقتىدىكىدەك مۇئامىلە قىلدىم. ئۇنىڭ ئۇرغانلىقىم ئۈچۈن قايتا - قايتا ئەپۇ سورىدىم، بولمىسا ئۇنى ناخشىسىنى ئاڭلىسام يەنە ئۇرۇشۇم مۇمكىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا ئۇنى ئىشەندۈردۈم.

— بۇ ئىشلار سامىيەگە تەسىر قىلغاندەكمۇ؟

— ئۇ ماڭا ئامراق بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ مەندىن ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى سوراپ ئېلىپ، ئىچىدىكى بارلىق كونا ژۇرناللارنى چىقىرىپ كۆرۈپ چىقتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇمم كۈلسۈمنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندا يىغلىمىدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ! — دېدىم مەن.

سالىم يەنە سورىدى:

— لېكىن سامىچۇ؟

— سەن ھازىر خاتىرجەم ماگىزىنىڭغا قايت! مەن بۈگۈن كەچ سائەت سەككىزدىكى مۇزىكا يىغىلىشىغا مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشىمەن.

سالىم ئازاب ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

مەن سامىيە توغرۇلۇق ئويلىمىدىم.

مەن سامىنى ئويلاۋاتاتتىم. مەن تىتىلداپ كېتىۋاتقان كەيپىياتىمنى بېسىۋالالماي ئۆزۈمدىن سورىدىم:

— ئۇنى يەنە كۆرەلەيمەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 10

كۈندۈزى كەچكىچە مېھمانسارايدا بولدۇم. پىكىر - خىيالىمنىڭ يېرىمى سامىيەگە قانداق تەسىر كۆرسىتىش ئۈمىدىدە بولسا، يېرىمى سامىغا بولغان ئەندىشىدە ئىدى.

مەن سامىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتىم، سامىيەنىڭ ئىشىغا خاتىرجەم بېرىش ئۈچۈن سامىنىڭ بىر خەۋىرىنى ئېلىشقا تەشنا ئىدىم. مەن سامىغا يارىتىپ بەرگەن تۇرمۇش ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ تۇرمۇش ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئاق تەنلىك ئاتا، قارا تەنلىك ئانىدىن بولغان بالىنىڭ تۇرمۇشى، مانتىسىنىڭ تۇرمۇشى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭىنىڭ بۇ يېڭى تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتىم، تولىمۇ ئەنسىرەيتتىم. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى يوقىتىپ، ئىچكى ئاڭ ئالدىدا بىراقلا تۈگىشىشى مۇمكىن ئىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، سامىدىن خەۋەر يوق.

ئۇ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

ئۇ يېرىم نېگىر بولغاچقا، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىندانى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟

ئۇ مەن سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ يۈرەمدىغاندۇ؟

مەن ھېچ بىلەلمىدىم.

كەچ سائەت يەتتە يېرىم، كىيىملىرىمنى كىيدىم. ھاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي، توق رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكامنى كىيدىم. دورا ساندۇقىنى ئالدىم، مېھمانسارايدىن چىقىپ، سالىمنىڭ ئۆيىگە — ئافرىقىدىكى بارلىق روھىي نورمالسىزلىق بىلەن تولغان ئائىلىگە قاراپ ماڭدىم.

سالىم مېنى ئىشىك ئالدىدا بىر خىل پاراكەندە كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى، ئۇ تىترىگىنىچە لىۋان يەرلىك تىلىدا گەپ قىلدى:
— نېمىشقا سېنىڭ گېپىڭگە كىرگەندىمەن. بۇ يىغىلىش خەققە كۈلكە - چاقچاق بولۇپ بېرىدۇ! خەقنىڭ ئالدىدا سەتلىشىدىغان بولدۇق! ئەمدى پۈتۈن باماكودىكى لىۋان مۇھاجىرلىرىغا بولۇپ بېرىدۇ.
مەن قىسقىلا جۇشەندۇردۇم:
— ئەڭ مۇھىمى سامىيەنىڭ كېسىلىنى داۋالاش.
ئاندىن مەن ئىچىمدىكى تىت - تىتلىقىنى يوشۇرالماي، ئالدىراپ سورىدىم:
— سامى قايتىپ كەلدىمۇ؟
سالىم تولىمۇ قايغۇلۇق جاۋاب بەردى:
— ياق، پۈتۈن شەھەرنى ئىزدەپ قىيىنىۋەتتىم، لېكىن تاپالمىدىم!
بىز ئۆيگە كىردۇق.
سالىم چوڭ ئۆينى مېنىڭ تاپشۇرۇقۇم بويىچە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سەھنىگە ئوخشىتىلىپ سۇپا ياسالغان، مۇزىكانتلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پەسكە ئورۇندۇقلار قاتار تىزىلغان، قارىماققا كىچىك تىياتىرخانىغا ئوخشايتتى.
مەن مېھمانلارنىڭ چىرايىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. سالىم مېنى بەزى مېھمانلارغا تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرغاندىمۇ ئىسىم - فامىلىلىرىنى تولۇقى بىلەن تونۇشتۇردى، مىسىردىن كەلگەنلىكىمنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. مېھمانلارنىڭ چىرايلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك، يەنى ھەممىسىنىڭ چىرايىدا كۈچلۈك ئېلىشىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل قاتماللىق، پۇل - دۇنيا يىغىشقا تەييارلانغان سوغۇقلۇق، ھېسسىياتنى كونترول قىلىشقا تەييارلانغان مېخانىكىلىق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى

پۇل يىغىدىغان ماشىنا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سوغۇق، ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرى ساختا. ئۇلار ساھىبخانا ئوتتۇرىغا قويغان ۋىنونى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچمەكتە، گويا ھاۋانىڭ ئىسسىقنى بىلىنمىگەندەك، ھاراق بىلەن بەدىنىنى ئىسسىتماقچى بولغاندەك ئىدى. مۇزىكانتلارمۇ ئادەمگە شۇنداق كۈلكىلىك كۆرۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ ئوخشاشلا جانسىز، سوغۇق، ساختا. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا بىر بوتۇلكىدىن ۋىنو بار. ئۇلارنىڭ مۇزىكا چېلىشلىرى دېھقانلارنىڭ كۈچەپ، پەرۋاسىز يەر ئاغدۇرۇۋاتقىنىغا ئوخشايدۇ.

سالىم ماڭا تونۇشتۇرغان بەزى مېھمانلار مەندىن مىسىرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. ئۇلار ئەرەبىزم ئۈچۈن ئۆزىنى زورلاپ قىزغىنلىقىنى بىلدۈرەتتى.

مۇزىكانتلار قەدىمىي بىر مۇزىكىنىڭ مۇقەددىمىسىنى پىپا ۋە ئارفا بىلەن ئورۇنلاشقا باشلىدى. مەن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سامىيەگە قاراپ قوياتتىم.

سامىيە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى. ئۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىش، ئۇلارنى كۈتۈش ئىشلىرىغا ئارىلاشمىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق ئىقتىدارمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، لەۋلىرى سەل تىترەپ تۇراتتى، نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك، كۆزلىرى سەگەكلىك ۋە ئارىسالدىلىق بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا قارايتتى.

مەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىمەن.

سامىيە شۇ تاپتا بالىلىق دەۋرىدە رېئاللىق دەپ قارىغان يۈكسەك ئارزۇسىغا تۇنجى قېتىم يۈزلىنىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىن گۇمانلىنىشقا، ئۆز خىياللىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە مۇزىكا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغان، دادىسى بار چاغدا بولسا دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ئەگەر بۇ ئارزۇلىرى رېئاللىق بولسا، ئۇ چاغدا مۇزىكا

يىغلىشىدا دادىسى بار بولغان بولاتتى، ئەگەر دادىسى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسا ھازىرقى ئىشلارنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ سورۇندىن دادىسىنى تاپالمىدى، بۇنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز. بۇ ئۇنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىكى بىر مۇزىكا يىغلىشى، ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇنىڭ دادىسى يوق. ئۇ ھەر تەرەپكە قاراپ دادىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ، رېئاللىقنى ئىزدەۋاتىدۇ، لېكىن دادىسىنى تاپالمايۋاتىدۇ، رېئاللىقنى تاپالمايۋاتىدۇ. ئۇ تاپقىنىنىڭ رېئاللىق ئەمەس، خىيالىي دۇنيا ئىكەنلىكىنى ئاخىر ئۇقىدۇ، بۇنىڭ رېئاللىق ئەمەس، خىيالىي دۇنيا ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھامان، ئۇنىڭ مېڭىسى سەگەكلىشىپ ئېسىگە كېلىدۇ!

سامىيە ئەنە شۇنداق سەگەكلىك، ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئەترابقا قارايتتى، چىرايى تېخىمۇ تاتارغان، لەۋلىرى بايىقىدىن بەكرەك تىترەيتتى، كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلغانىدى. مۇزىكانتلار بىرقۇر ساز قىلغاندىن كېيىن، ئىچىپ تەڭشەلگەن مېھمانلار كۈلكە ـ چاقچاققا چۈشتى. دەل شۇ چاغدا سالىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

— ئورنۇڭدىن تۇر، سۇپىغا چىقىپ سامىيەنىڭ ئۆمۈم كۈلسۈمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىدىغانلىقىنى ئېلان قىل.

— بولمايدۇ، — دېدى سالىم ئاچچىق بىلەن، — مەن پىكرىمدىن ياندىم، سېنىڭ پىلانىڭنى يۈرگۈزۈشۈڭگە ھەرگىز ياردەملەشمەيمەن. مەن سېنى چۈشەنمەيمەن، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمەن! ئاغىنە، مەن بۇ ئىشتىن زېرىكتىم!

— ئورنۇڭدىن تۇر! سامىيە ئۈچۈن، — دېدىم مەن.

سالىم ئۆز گېپىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى:

— سامىيەنىڭ ئۆلۈشىگە رازىمەنكى، ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ناخشا ئېيتىشىنى خالىمايمەن.

— ئۇ چوقۇم ئېيتىدۇ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— مەن كېسىپ ئېيتالايمەن !

— شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى، لېكىن سەن مېنى ئاكامدىن ئايرىدىڭ، ئەمدى ھەدەمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن.

مەن كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتىم:

— ھازىر گەپ تالىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئورنۇڭدىن تۇر ! سامىيەنىڭ ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى ئېلان قىل، بولمىسا ئۆزۈم ئېلان قىلىمەن.

— ئۇنداق قىلىشىڭغا يول قويالمايمەن !

— سەن ھازىر مۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ ! چۈنكى مەن سېنىڭ رۇخسىتىڭنى ئالغان. مەن سامىيەگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك !

سالىم ئارىسالدىلىق ئىچىدە جاۋاب بەردى:

— مەن بەرگەن ۋەدەمدىن يېنىۋالىمەن.

— ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدىم مەن، — مېنىڭ سامىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا چىقارغان ھۆكۈملىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرىلىقىنى ساڭا ئىسپاتلاپ بەردىم، ئەمدى سامىيەنى داۋالىشىمىزغا يۈرەكلىك ماسلىشىشىڭ كېرەك. سالىم ماڭا گاراڭلارچە قارىدى. مەن قەتئىي، كەسكىن نەزەردە ئۇنىڭغا قارىدىم. سالىم ئىككىلىنىش ئىچىدە بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر رومكا ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ پەشتاقتا چىقتى، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، مېھمانلارنى تىنچلىنىشقا ئۈندىدى. ئۇ مېھمانلارنى قورقۇتماقچى بولغاندەك، ئۆتكۈر، تەھدىت بىلەن تولغان كۆزلىرىدە ئۇلارغا بىرقۇر قاراپ چىقتى، ئاندىن ھاسىراپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— قېرىنداشلار، مەن ھازىر سىلەرگە ھەدەم سامىيەنى تونۇشتۇرماقچىمەن، ئۇ سىلەرگە ئۇمم كۈلسۇمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ !

كىشىلەر بىردىنلا داڭ قېتىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سامىيەنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق

ئىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا سامىيەگە قاراشتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىكى ھەيرانلىق تېخى ئۆچمىگەنىدى. ئۇلار تۇيۇقسىزلا قىزغىن، توختىماي چاۋاك چېلىشقا باشلىدى، ھەممىسىنىڭ مىيىقىدا مەسخىرە كۈلكىسى، ھەجۋىي تىياتىر كۆرۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغاندەك ئىدى.

سامىيە چاۋاك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورۇنۇپ ئورۇندۇقتا مەھكەم ئولتۇرۇۋالدى، كۆزلىرىدىن بىر خىل ساراسىمە چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا چاۋاك چالغاندىكى ھەرىكەت بىلەن ئۇ ناخشا ئېيتماقچى بولغاندا سالىمنىڭ شاپىلاق بىلەن ئۇرغان ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئىدراكىي ئېنىقلا ئۇنىڭغا، سالىم ئۇنى ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغانلىقىنى، ئۇنى قايتا ئۇرماسلىققا ۋەدە قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قەسەم قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن سامىيە رۇسلىنىپ ئولتۇردى، كۆزلىرىدىكى ۋەھىمىنىڭ ئورنىنى ئىككىلىنىش ۋە گۇمان ئىگىلىدى. خۇددى كىچىك قىزلاردەك بارمىقىنى ئاغزىغا سالدى، ئارقىدىنلا خۇددى ئۆزىنىڭ كىچىك بالا ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەندەك، قولىنى ئاغزىدىن ئىتتىك چۈشۈرۈۋالدى.

ھازىر ئېلىشىش يۇقىرى پەللىگە يېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

سامىيە خۇددى شامالدۇرغۇچتىن چىققان ئاۋازدەك «كۇش - كۇش» نەپەس ئالاتتى.

ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گۇمان ۋە تەشۋىش نۇرلىرى چاقنايتتى.

سالىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولىدىن ئاستا تارتتى ۋە:

— سامىيە، سەھنىگە چىققىن، كىشىلەر سېنى ساقلاپ قالدى! — دېدى.

سامىيە ئىنىسىنىڭ تارتىشىغا قارشىلىق قىلماي ئورنىدىن تۇردى، خۇددى چۈشەكەپ قوپۇپ كەتكەن ئادەمدەك، كىشىلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئارىلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان، كۆزلىرىدە ئەندىشە، نەپسى شامالدۇرغۇچىنىڭ ئاۋازىدەك چىقاتتى.

سالىم ئۇنى سۇپىغا يۆلەپ چىقىرىپ خۇددى بىرنەرسىنى ئاچىقىپ قويۇپ قويغاندەك، ئۇنى كىشىلەرگە قارىتىپ توختىتىپ قويدى.

سامىيە ئۆزىنىڭ نىمە قىلىشىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك، كىشىلەرگە يەنىلا بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە قاراپ تۇراتتى، ئاغرىقچىلىقى چىقىپ تۇرغان يۈزىنى سوغۇق تەر باسقانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى جىممىدە كۈتۈپ تۇراتتى. سامىيە بولسا يەنىلا گاڭگىراش ۋە ئارىسالدىلىق ئىچىدە كىشىلەرگە قاراپ تۇراتتى. كىشىلەر ۋارقىراشقا باشلىدى:

— سامىيە، ناخشا ئېيتىڭ! سامىيە، بىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ!

سامىيە تىترىگىنىچە تۇراتتى، پۈتۈن چىرايىنى بىر خىل گۇمۇشلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

ماڭا مەلۇم، سامىيە ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا بويسۇنمايدۇ، ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىدىغان يەنە بىر ئاۋازغا بويسۇنىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئالاقىسىنى ئۈزگەن، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا، روھىيىتىدىكى كۈرەش ئىچىدە ئەندىشە ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياشاۋاتاتتى. بۇ بىر مەيدان رەھىمسىز، قاتتىق ئېلىشىش ئىدى، ئۇ سامىيەنىڭ تۇرمۇشىدىكى بارلىق نەرسىنى قۇرۇتۇۋېتەتتى.

سامىيە نەقەدەر چوڭ ئازابقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ ـ ھە! يۈرىكىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىش پەيدا بولدى. مېڭەم دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى، ئۇنىڭ ئازابلىق ئېلىشىشىنى يېنىكلىتىدىغان بىرەر چارە تېپىشقا تىرىشتىم، لېكىن كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمىدى. بۇ ئېلىشىشتا سامىيە ئۆزى يېڭىپ چىقسۇن دېگەن يەرگە كەلدىم. ماڭا مەلۇم، ئېلىشىش

قانچە كەسكىن، قانچە جىددىي، قانچە رەھىمسىز بولسا، سامىيەنىڭ تولۇق ساقىيىشىغا شۇنچە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

مۇزىكانتلار سازلىرىنى تاراڭشىتىپ تەڭشەپ، سامىيە ئېيتىدىغان ناخشىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ تەييارلىقلار سامىيەنىڭ روھىيىتىدىكى ئېلىشىشنى كۈچەيتىۋاتاتتى، ئۇ سامىيەنىڭ نېرۋا تارلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېغىر تاشتەك چۈشۈپ، قاتتىق سىلكىنىش ھاسىل قىلماقتا ئىدى. بۇ تەۋرىنىش ئىدراكىي ئاڭغا مايىلراق بولغاندا، ئۇ تېخىمۇ قىزغىن بولۇپ كېتەتتى، ئىچكى ئاڭغا مايىلراق كەتكەندە، كونا ئەسلىمىلەر جانلىنىپ كېتەتتى. مەن سامىيەدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ بۇ زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىردا بىراقلا ئەقلىدىن ئېزىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

مەن يۈرىكىمدىكى ئەندىشىنى بېسىپ، ئىچىمدە ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلىدىم. سامىيە مەن تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىلھام بەرمەكچى بولۇپ، كۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدىم، لېكىن ئۇ مېنى كۆرمىدى. مېنى كۆرمىگەنلىكى ئېنىق، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇمانلىق.

پىيپا چالىدىغان ئادەم ئالدىغا سەل سوزۇلۇپ، سامىيەدىن كەمسىتىش تەلەپپۇزىدا سورىدى:

— قايسى ناخشىنى ئېيتىسىز؟

سامىيە جاۋاب بەرمىدى، ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ گۇمۇشلاردەك پارقىراپلا تۇراتتى.

كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇلار كۈلكە ـ چاقچاققا چۈشكەن، ئادەم ئاغزىغا ئالغۇسىز سەت چاقچاقلارنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ چىرقىراق، يېقىمسىز كۈلكىلىرى تولىمۇ ۋەھىمىلىك ئاڭلىناتتى، ئۇلارنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرى سامىيەنىڭ بەدىنىگە بازغاندەك تېگەتتى. سامىيەنىڭ بەدىنى تەۋرىنىشكە باشلىدى، كۆزلىرى تېخىمۇ ئەندىشىلىك پارقىراپ، چىرايىدا گۇمۇشلۇق تۇس تېخىمۇ

قويۇقلاشتى.

پىپا چالىدىغان ئادەم باشقىلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈۋېتىپ، سامىيەدىن يەنە سورىدى:

— قايسى ناخشىنى ئېيتىسىز؟

سامىيە جاۋاب بەرمىدى، ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى.

سالىم ئالدىغا چىقتى، ئۇنىڭ يۈز تېرىلىرى غەزەپ ۋە خورلۇقتىن تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ پىپا چالىدىغان ئادەمگە مۇراجىئەت قىلدى.

— «ئۆزۈمنى قايىل قىلالمايمەن» دېگەن ناخشىغا چال!

پىپا چالىدىغان ئادەم سالىمغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، پۈتۈن مۇزىكانتلار بىلەن «ئۆزۈمنى قايىل قىلالمايمەن» دېگەن ناخشىنىڭ پائۇزىسىنى باشلىدى.

سامىيە تۇيۇقسىز سەگەكلەشتى.

ئۇ كۆزلىرىدە ۋەھىمە، ئەتراپقا قارايتتى، مۇزىكىنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك ئىدى.

مۇزىكانتلار بۇ ناخشىنىڭ پائۇزىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

سامىيە ئاغزىنى ئاچتى.

مېنىڭ يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىپ سىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەگەر ناخشا ئېيتسا، ئۇنىڭ ئىچكى ئېغى غەلىبە قىلغان، ئۇ يەنىلا ئون ياش ۋاقتى بويىچە ياشاۋاتقان، مىجەزى تەرەققىي قىلمىشتىن توختاپ قالغان ياشتا ياشاۋاتقان بولاتتى.

لېكىن، سامىيە ئاغزىنى ئېچىپلا تۇراتتى.

ئۇ ناخشا ئېيتمىدى.

سامىيەنىڭ ئەتراپىدىكى كۈلكە ئاۋازلىرى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقتى.

كۈلكە ئاۋازى.

كۈلكە ئاۋازى.

ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرى كالاچتەك ئىچىلغانىدى.
ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق نۇر چاقنايتتى.
ئۇلارنىڭ باشلىرى خۇددى سامىيەنى يەۋېتىدىغاندەك ئۇنىڭغا سوزۇلغانىدى.
مەن كۆزۈمنى ئۇزمەي سامىيەنى كۆزىتىپ تۇراتتىم.
سامىيە خۇددى قاچماقچى بولغاندەك، بەدىنى ئۇياق ــ بۇياققا تەۋرىنەتتى، لېكىن ئىككى پۇتى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك مىدىر قىلماي تۇراتتى.
سامىيەنىڭ ئاغزى يەنىلا ئوچۇق، تاتىراڭغۇ يۈزى تىترىمەكتە.
تۇيۇقسىز، سامىيەنىڭ بەدىنى تەۋرىنىشتىن توختىدى.
ئۇنىڭ ئاغزى يېپىلدى، مەڭزلىرىنىڭ لىپىلداشلىرى توختىدى، كۆزلىرى ئۆز جايىغا كەلدى، نەپىسى نورماللاشتى.
ئۇ چۈشەكەپ ئويغانغاندەك ئىدى.
ئۇ كىشىلەرگە خۇددى ئۇلارنى تونۇيدىغاندەك قاراشقا باشلىدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كېسەللەرگە خاس بىچارە نۇر چاقنايتتى.
ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىر تامچە ـ بىر تامچىدىن ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ياش پەردىلىرى ئارىسىدىن يەنىلا سورۇندىكىلەرگە قارايتتى، ئۇلارنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ئىدى.
مۇزىكانتلار «ئۆزۈمنى قايىل قىلالمايمەن» دېگەن ناخشىنىڭ مۇزىكىسىنى تېخىچە چېلىۋاتاتتى.
كۆلكە ئاۋازلىرى ئۆي ئىچىدە تېخىمۇ رەھىمسىزلەرچە ياڭرىماقتا.
سالىم سامىيەنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى، كۆزلىرى غەزەپ ۋە خورلۇق ياشلىرى بىلەن تولغانىدى.
سامىيە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يەنە يېنىك تەۋرىنىشكە باشلىدى.
تۇيۇقسىز، سامىيە ئېسىنى يوقىتىپ جايىغىلا يىقىلدى.

مۇزىكا توختىدى.

كۈلكە ئاۋازلىرى جىمىدى.

قورقۇنچلۇق سۈكۈنات ئۆتۈپ كەتتى.

مېنىڭ يۈرىكىم ئارامىغا چۈشتى.

قوزغىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ سۈپىغا چىقتىم، سالىمغا ياردەملىشىپ، سامىيەنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىشىپ بەردىم. كىشىلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، غۇلغۇلىغا چۈشكەندى. مەن دورا ساندۇقۇمنى ئېچىپ، سامىيەگە كورامىن يۈرەك كۈچەيتىش ئوكۇلىدىن بىرنى سالدىم، ئاندىن كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىشىنى ساقلىدىم.

سامىيەدە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇراتتىم.

سامىيەنىڭ چىرايىدىن بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم.

سامىيە سۇپا ئۈستىگە چىققاندا، ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانغان، ئۆزىنىڭ شۇنداق مۇھىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، ئۆزى رېئاللىق دەپ قارىغان، ئۇنىڭ مىجەزىنى تەرەققىي قىلىشتىن توختىتىپ قويغان يۈكسەك ئارزۇسىدىن گۇمانلانغان. ئىچكى ئاڭ بۇ گۇمان ئۈستىدىن غالىب كەلمەكچى بولۇپ، ئۇنى ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە، ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزۇشقا ئۇرۇنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدراكىي ئاڭمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ئىدراكىي ئاڭ بىلەن ئىچكى ئاڭ تازا ئېلىشىۋاتقاندا، مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ۋە قورقۇنچلۇق كۈلكە ئاۋازلىرى ئىدراكىي ئاڭغا ياردەم قىلغان. چۈنكى، بۇ ئاۋازلار سامىيەگە ئىچكى دۇنياسىدىن ئەمەس، سىرتقى دۇنيادىن يېتىپ كەلگەن، بۇ ئاۋازلار ئۇنىڭ ئىدراكىي ئېڭى بىلەن بىر قەدەر ئاسان ئۇچرىشالايتتى. ئىچكى ئاڭ ھەر قېتىم غەلىبە قىلماقچى بولغاندا، مۇزىكا ۋە كۈلكە

ئاۋازلىرى ئىدراكىي ئاڭنى ئەسكەرتىپ تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن، ئىدراكىي ئاڭ ئىچكى ئاڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشكەن!

ئىدراكىي ئاڭ غەلىبە قىلغاندىن باشلاپ، سامىيەنىڭ مىجەزىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەسلىگە كەلگەن.

بۇ تەرەققىيات شۇنداق تۇيۇقسىز بولغان.

بىردىنلا ئون بەش يىل سەكرەپ، ئون ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقا ئۆتكەن سامىيە ھەقىقىي مىجەزى — ساغلام، مۇكەممەل مىجەزى بىلەن ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى كۆزەتكەن، ئۆزىنى كۆزەتكەن.

سامىيە مىجەزىدىكى بۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشكە ۋاقىتلىق بەرداشلىق بېرەلمىگەن.

بۇ بىر خىل ياشتىن يەنە بىر خىل ياشقا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھوشىدىن كەتكەن.

مىجەزى تەرەققىي قىلىشتىن توختاپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەم مىجەزىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى ئەسلىگە كەلگەن، يەنى تولۇق ساقايغاندا، ئۆتكەن ئىشلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، گويا ئىلگىرى ئاغرىپ باقمىغاندەك، غەيرىي نورمال ھالەت كۆرۈلۈپ باقمىغاندەك، ئىلگىرىكى بارلىق ئىشلارنى ئېسىدە ساقلىغان بولىدۇ. كېسەللىكى سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى نورماللىشىدۇ، ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش بولىدۇ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى يېشىغا لايىق بولىدۇ، مىجەزى تەرەققىي قىلىشتىن توختاپ قالغان چاغدىكى ھالەتتە بولمايدۇ. ئۇنىڭدا كەم بولغىنى پەقەت ئاشۇ بىر مەزگىل بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن تەجرىبە بولىدۇ. بۇ تەجرىبىلەرمۇ تېزلا تولۇقلىنىۋېلىنىدۇ.

مانا بۇ سامىيەنىڭ ئەھۋالى.

سامىيە ئېسىگە كەلگەندە، ئىلگىرىكىدەك خاتىرىسىنى

يوقىتىپ قويۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەيدۇ، ئىلگىرى ئاغرىپ قېلىپ، هازىر ساقايغاندەك ھېسسىياتتىمۇ بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىلگىرىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى، كىچىك بالىلارچە قىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى تۈزىتىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا يىغلىغان ۋە ۋارقىرىغان ئىشلىرىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ، بۇنىڭ ئارتۇقچە ھاياجاندىن بولغانلىقىنى، ھاياجىنىنىڭ سەۋەبى ئۇمم كۇلسۇمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدەك بارماقلىرىنى ئاغزىغا سېلىپ ئولتۇرۇۋېلىشىنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆزىدىكى بىر خىل كېسەللىك ياكى نورمالسىزلىق دەپ قارىمايدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك يامان ئادەت دەپلا بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇكسەك ئارزۇلىرىغا ئادەتتىكىچە مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ، ئىلگىرى دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ لىۋانغا بارغانلىقىنى، دادىسىنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتلەرگە قاتناشقانلىقىنى ھەمدە سورۇندا ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەتكەنلىكىنى، كىچىك ۋاقتىدا داڭلىق ناخشىچى بولۇش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ بۇ مەسىلىلەرگە ئادەتتىكىچە مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئۇ خۇددى بالىلىق دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەندەك، بۇ ئارزۇلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ ھازىر ناخشىچى بولۇشنى ئويلىمايدۇ، ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك قىزلارغا ئوخشاش، ئۆزى يالغۇز قالغاندا ناخشا ئېيتىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرىدۇ. ئۇ مېنى مېھمانسارايغا ئىزدەپ بارغانلىقىنى، مەندىن لىۋانغا بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، مېنىڭ ئۆزىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان كونا گېزىتلەرنى كۆرسەتكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ئۇ

ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا بولغانلىقىنىمۇ بويىنغا ئالىدۇ.
سامىيە ئېسىگە كېلىدۇ، خۇددى ئەزەلدىن ئاغرىپ باقمىغاندەك تۇيغۇدا ئېسىگە كېلىدۇ.
مەن سامىيەنى قوزغاتقۇچى دورا ئارقىلىق ئېسىگە كەلتۈرۈشنى خالىمىدىم. ئۇ ھازىرقى ھالىتىدە ئاراملىق ھېس قىلالمىسىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ ھالەتتە بىردەم ئارام ئېلىشۋېلىشىنى خالايتتىم. قارىسام ئۇ گويا گېلىدىن بىرى سىقىۋاتقاندەك، تولىمۇ قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى.
بىر سائەتتىن ئوشۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن، سامىيە كۆزلىرىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى، مېنىڭ يېنىمدا تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتكەندەك بىر ھالەتتە تىكلىنىپ ئولتۇردى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدى:
— نېمە ئىش بولدى؟
مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىسقىلا جاۋاب بەردىم:
— سىز ھوشىڭىزدىن كەتتىڭىز.
— نېمە ئۈچۈن؟
— چۈنكى تېنىڭىز ئاجىز.
سامىيە ئاچچىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:
— سالىم نېمە ئۈچۈن مېنى يۆلەپ سەھنىگە ئاچىقىپ قويۇپ، باشقىلارغا ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە زورلايدۇ؟ ئۇ ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟
— ئۇ ماڭا سىزنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان، — دېدىم خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — سىز ئىلگىرى لىۋانغا بارغاندا سورۇنلاردا ناخشا ئېيتىپتىكەنسىز.
— ئۇ ئۇزۇن زامان ئىلگىرىكى ئىشلار، ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك قىز ئىدىم. مېنىڭ ناخشا ئېيتىپ باقمىغىنىمغا ئون بەش يىل بولدى. مېنى ناخشا ئېيتىشتىن سالىم ئۆزى چەكلىگەن.
— ئۇ مېھمانلارنى بىر ھەيران قالدۇرماقچى بولغان بولسا

www.uyghurkitap.com

كېرەك.

— ئۇ چوقۇم مەست بولۇپ قاپتۇ !

راست، ئۇ تەڭشىلىپ قاپتۇ !

— بۇ چاغدا سالىم سىرتتا ئىدى. يا ئاشخانىدا، يا ئاخىرقى مېھمانلارنى ئۇزىتىۋاتقان بولسا كېرەك. كېيىن ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ، ھەدىسىنىڭ ئۆزىگە ئاچچىق بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

سامىيە ئاچچىق بىلەن سورىدى:

— سەن ئېلىشىپ قالدىڭمۇ قانداق؟ ماڭا نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟

مەن سالىمغا كۆز قىسىپ قويدۇم، ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەندى، لېكىن ھەيرانلىقتىن تېخى ئەسلىگە كېلەلمىگەنىدى.

— كەچۈرگىن، ھەدە، — دېدى ئۇ، — مېنى قانداق جازالىساڭ مەيلى !

سامىيە ھەدىلەرگە خاس تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى:

— سەن ئىلگىرى مۇنداق ئېغىر مەست بولۇپ باقمىغان !

— كەچۈرگىن، — دېدى سالىم سۇس كۈلۈمسىرەپ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سامىيەگە دېدىم:

— ئەمدى ئارام ئېلىڭ. ئەتە دوختۇرخانىغا بېرىپ ئازراق قۇۋۋەت دورىلىرى ئالمىسىڭىز بولمايدۇ.

مەن دورا ساندۇقىنى ئېچىپ، ئىككى تال ئۇيقۇ دورىسى ئېلىپ سامىيەگە ئۇزارتتىم:

— بۇ دورىنى ئىچسىڭىز ياخشى ئۇخلايسىز.

سامىيە ئىككى تال دورىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم:

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ !

سامىيە قولۇمنى چىڭ سىقتى:

— دوختۇر، — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن، — سىزگە كۆپ رەھمەت. ئەتە سىز بىلەن كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟

— ئەپسۇس ! ئەتە يولغا چىقمىسام بولمايدۇ.
— سىزگە ئاق يول بولسۇن ! مىسىردا بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.
— سىلەرنى ھەرقانداق يەردە ئۇنتۇپ قالمايمەن !
سامىيەنىڭ پېشانىسىگە شۇنداق سۆيۈپ قويغۇم بار ئىدى. بۇ چاغدا مەن گويا ئۇ مېنىڭ قىزىمدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بۇ يېڭى مىجەزنى مەن ياراتقانىدىم، سامىيە مېنىڭ قىزىم ئىدى. دوختۇرلارنىڭ پەخىرلىنىدىغان يېرىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك. دوختۇرلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان بىمارنى ساقايتىشتىنمۇ ئارتۇق پەخىرلىك ئىش ۋە بەخت بولمىسا كېرەك !
مەن ئۆيدىن چىقتىم.
سالىم سامىيەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئارقامدىن چىقتى.
— دوختۇر، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى سالىم.
— مېنى مېھمانسارايغا ئاپىرىپ قويامسەن؟ — دېدىم مەن.
سالىم قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب بەردى:
— ئەلۋەتتە.
— ماشىنىغا چىققاندا ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدىم مەن.
مەن كابىنكىغا چىقىپ سالىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. سالىم ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ماڭا پات - پات قاراپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ تاقەتسىزلىكلىرىگە قەستەن پەرۋا قىلماي سورىدىم:
— ھازىر كەنتكە بىر بېرىپ كەلسەك قانداق؟
سالىم ھەيران بولۇپ سورىدى:
— نېمىگە بارىمىز؟
— سامى كەنتكە بېرىپ قالدىمىكىن دەيمەن، — دېدىم مەن، —

بۇ يەردىن كېتىشتىن ئىلگىرى سامى بىلەن بىر كۆرۈشكۈم بار.
سالىم ئارتۇق گەپ قىلمايلا، ماشىنىنى ئىگىر دەرياسى كۆۋرۈكىگە تارتتى، كەنتكە تۇتىشىدىغان ئورمان ئارىسىدىكى يول بىلەن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

مەن يول ئۈستىدە سالىمغا سامىيەنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم. سامىيەنىڭ مىجەزىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم. خۇددى مەن سالىمغا تونۇشسىز يېڭى بىر دۇنيانى تونۇشتۇرۇۋاتقاندەك، ئۇ گەپلىرىمگە ھەيرانلىق ئىچىدە قۇلاق سېلىپ كېتىۋاتاتتى.

سالىم يەنىلا ھەيرانلىق تەلەپپۇزىدا سورىدى:

— بۇ جەريانلارنى سامىيەگە سۆزلەپ بەرسەم بولامدۇ؟

— بولمايدۇ. مەن داۋالاشقا پايدىسى بولىدىغان ئەھۋال ئاستىدىلا، بىمارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىمەن. مەسىلەن، سامىغا شۇنداق قىلدىم. لېكىن، سامىيەنىڭ ئۆزى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ باسقۇچتىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقسا، يەنە قالايمىقان خىياللاردا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، سەن قېرىغاندا، سامىيەمۇ قېرىغاندا، ئاندىن ئۆزۈڭ بىلىدىغان ئەھۋاللارنى رىۋايەت تەرىقىسىدە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرسەڭ بولىدۇ.

سالىم ئۇندىمىدى، ئېنىقكى، ئۇنىڭ كاللىسى ھەيرانلىقتىن تېخىچە ئازاد بولمىغانىدى.

بىز كەنتكە يېتىپ كەلدۇق.

بۇ چاغدا كېچە يېرىملىشىپ قالغانىدى.

كېچىدە ھېچقانداق نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ، كەپىلەرمۇ خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياتقان ئەرۋاھلاردەك كۆرۈنىدۇ.

سالىم ماشىنىسىدىن ئايرىلمايدىغان قولچىراغنى تۇتۇپ

يېنىمدا كېتىۋاتاتتى، قولچىراغىنىڭ ئۆتكۈر يۇمىلاق نۇرى بىزنىڭ ئالدىمىزدا داۋالغۇيتتى.

ئالدىمىزغا كەنت ئاھالىلىرىدىن بىرەرىمۇ ئۇچرىمىدى، ھەممىسى كەنتتىن چىقىپ كەتكەندەك ئىدى.

بىز كاباكانىڭ كەپىسىگە قاراپ ماڭدۇق، يۈرىكىم ۋەھىمىدىن دەھشەتلىك سوقاتتى.

سالىم قولچىراغىنى كەپە ئىشىكىگە توغرىلىدى. مەن ئىشىكنى باشتا ئاستا، كېيىن كۈچلۈكرەك، ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى قولۇم بىلەن بولۇشىچە ئۇردۇم.

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، قاپقارا زور بىر گەۋدە چىقىپ كەلدى. ئۇ يالىڭاچ، پەقەت ئۇياتلىق يېرىنىلا بىر پارچە ئاق لاتا بىلەن توسۇۋالغانىدى. ئۇ سالىمنىڭ قولىدىكى قولچىراغىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، ئۇنى بىزنىڭ يۈزىمىزگە توغرىلىدى، ئاندىن ۋولۇف تىلىدا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— كىم؟

سالىم تىترەپ تۇرۇپ فىرانسۇز تىلىدا جاۋاب بەردى.

— بىز !

مەن قولچىراغىنىڭ يورۇقىدا كاباكانىڭ ئاچچىق تېپىپ تۇرغان چىرايىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆزى مېنىڭ چىرايىمغا چۈشكەندە، ئاچچىقى سەل يانغاندەك بولدى، لېكىن چىرايىدا مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولغانىدى. كاباكا بىزنىڭ كېلىشىمىزنى خالىمىغان تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتى:

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟

مەن ئىمكان بار سىلىق جاۋاب قايتۇردۇم:

— بىز سامىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنىدۇق.

كاباكانىڭ جۇدۇنى يەنە ئۆرلىدى، مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ۋارقىرىدى:

— سامى بۇ يەردە ئەمەس، بىندامۇ يوق !

ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

— سەن سامىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن، نەتىجىدە بىزنى سامىدىنمۇ، بىندادىنمۇ ئايرىدىڭ.

مەن خورلۇق ھېس قىلىپ قالدىم.

— مەن سامىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم. ئۇ ھازىر ساغلام ئادەم، — دېدىم مەن.

— سەن ماڭا قەسەم ئىچىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، — دېدى كاباكا، — مېنىڭ ھازىر ئىشىنىدىغىنىم، قىزىم بىندا بۇ يەردە ئەمەس، سامىمۇ يوق. مەن ئۇ ئىككىسىنى تېپىپ كېلىشكە ئۈچ ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇلاردىن ھازىرغىچە خەۋەر يوق. سەن مىسىردىن بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، بىزنىڭ پۈتۈن قەبىلىمىز پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ قالدى، ئىلگىرىكى تىنچلىقنى يوقاتتى.

مەن ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن گەپ قىلدىم:

— قىزىڭ بىلەن سامى يېنىڭغا قايتىپ كېلىدۇ!

— بايا ئېيتتىمغۇ، مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن! — دېدى كاباكا.

— سەن تەڭرىگە ئىشەن، چاقماققا ئىشەن! — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — سېنىڭ مۇھىم سىرنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭگە تەڭرى بۇيرۇق قىلغان.

كاباكا مېنىڭ گەپلىرىمگە ئېتىبار قىلار ئەمەس، ماڭا ئاچچىق بىلەن قاراپ، مەنسىتمەسلىك بىلەن سورىدى:

— ئىككىڭلارنىڭ يەنە باشقا ئىشى بارمۇ؟

بىز جىممىدە تۇرۇپ كەتتۇق.

كاباكا بىزارلىق بىلەن دېدى:

— سىلەرگە دېدىمغۇ، سامى بۇ يەردە ئەمەس!

مەنمۇ ئاچچىق بىلەن گەپ قىلدىم:

— ياخشى چۈش كۆر!

سالىم تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى سوزۇپ، كاباكانىڭ قولىدىن قولچىراغنى ئېلىپ مەن بىلەن ماڭدى. ئارقىمىزدىن كەپە ئىشىكىنىڭ گۈپپىدە يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇ خاپا ئىكەن، — دېدى سالىم پەس ئاۋازدا.
مېنىڭ ئاچچىقىم يېنىپ بولغانىدى.
— ئۇنىڭ خاپا بولۇشى ئورۇنلۇق، — دېدىم مەن.
بىز ماشىنىغا چىقىپ قوزغالدۇق، خېلى ئۇزۇنغىچە ھەر ئىككىمىز گەپ قىلمىدۇق. كېيىن سالىم مېنىڭ خاپا بولۇپ كېتىشىمدىن ئەنسىرىگەندەك، پەس ئاۋازدا سورىدى:
— سامىغا بىرەر ئىش بولماس - ھە؟
مەن قاتتىق چارچىغانىدىم، شۇڭا قىسقىلا جاۋاب بەردىم:
— بىلمەيمەن، لېكىن ئىشىنىمەنكى، ھازىر ئۇنىڭ ئەھۋالى ئەڭ ياخشى. ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلالايدۇ.
سالىم قايتا گەپ سورىمىدى.
قالغان يولنى جىممىدە بېسىپ تۈگەتتۇق.
بىز مېھمانسارايغا يېتىپ بېرىپ، مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى، سالىم ماڭا فىرانسۇز تىلىدا گەپ قىلدى، بىز بەزى گەپلەرنى قىلىش تەس كەلگەندە، چەت ئەل تىلىدا سۆزلىشىمىز، چۈنكى چەت ئەل تىلى ئەرەب تىلىدەك ئۇنداق تۈزلا كەتكەن ئەمەس. تىل بەكلا تۈز بولۇپ كەتسىمۇ، تېخىمۇ كۆپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدىكەن.
— دوختۇر، گەپنى ئۇدۇللا سورىغىنىمنى كەچۈر، ساڭا قانچىلىك ھەق بەرسەم بولىدۇ؟
مەن ھارغىن كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردىم:
— ھېچنېمە ئالمايمەن!
— لېكىن سەن كەسپىي دوختۇر، بىز ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتىڭ!
— سىلەرمۇ مەن ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتتىڭلار، مېنى ئوبدان كۈتتۈڭلار، باماكونى ئايلاندۇردۇڭلار.
— لېكىن، دوختۇر ...
مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم:

www.uyghurkitap.com

— ياخشى چۈش كۆر ! ئەتە مېڭىشتىن ئىلگىرى سەن بىلەن كۆرۈشەلەيمەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە ! — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن.

سالىم ماڭا بېرىدىغان ھەق توغرۇلۇق قايتا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ مېھمانسارايغا كىرىپ كەتتىم.

بۇ چاغدا سەھەر سائەت بەش بولغانىدى.

مەن ئۇخلاپ قالدىم.

ئاران ئىككى سائەتلا ئۇخلىدىم. سائەت سەككىزدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ياتاقتىلا ناشتا قىلدىم، ئاندىن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى تېزلىكتە يىغىشتۇرۇپ، ئۇزۇن يوللۇق سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدىم. مەن ئافرىقا ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ داكارغا بېرىشىم، ئاندىن فىرانسىيە ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئالمىشىپ كاسابلانكىغا بېرىشىم كېرەك، ئارقىدىن يەنە بىر ئايروپىلان بىلەن رىمغا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مىسىر ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ قاھىرەگە بارىمەن.

مېنىڭ ئۈچ كېچە ۋاقتىم ئايروپىلاندا ئۆتىدۇ.

مەن ياتاقتىن چىقىپ، سالىمنىڭ چوڭ زالدا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنى قىيناۋاتقان ئىشلارنى بىلىمەن.

مەن سالىمدىن سورىدىم:

— سامى قايتىپ كەلدىمۇ؟

ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جاۋاب بەردى:

— ياق !

مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش دېگۈدەك ئۈمىدسىزلەندىم.

— سامىيەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدىم مەن.

سالىمنىڭ چىرايىدا سۈس تەبەسسۇم پەيدا بولدى:

— ئۇنى باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى دېسەممۇ بولىدۇ، ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆي بېسىقتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە ئۇنداق قىلىپ باقمىغان.

مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇس كۈلۈمسىرىدىم. بىز سالىم ئىككىمىز سامىنى تاپمىغۇچە ياكى ئۇنىڭ بىر خەۋىرىنى ئالمىغۇچە قېنىپ كۈلەلمەيتتۇق.

سالىم مېنى ئايرودۇرۇمغىچە ئۇزىتىپ باردى، پاسپورتنى تەكشۈرۈش، بېلەت ئېلىش ئىشلىرىمغا ياردەملەشتى. مەن ئەتراپقا قاراپ سامىنى ئىزدەيتتىم.

ئەمەلىيەتتە، سالىم ماڭا ياردەم قىلمايۋاتاتتى. ئۇ تاموژنا خادىملىرى ۋە ئايرودۇرۇم خىزمەتچىلىرى بىلەن بىكاردىن ـ بىكار گەپ تالىشىپ سوقۇشاتتى، بۇ ئارقىلىق ماڭا ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى.

مەن تاموژنىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى، سالىم ماڭا يوغان بىر بولاق نەرسىنى ئۇزاتتى. مەن ماشىنىدا ئۇ بولاقنى كۆرگەنىدىم. مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— بۇ نېمە؟

— ئازراق يوللۇقۇم!

مەن رەت قىلماقچى بولغانىدىم، لېكىن ئۇ سەممىيلىك بىلەن ئۆتۈندى:

— دوختۇر، ئۆتۈنۈپ قالاي، قولۇمنى قايتۇرمىغىن!

مەن سالىمنىڭ سوۋغىتىنى ئېلىپ تاموژنىدىن چىقتىم، كۆزلىرىم يەنىلا سامىنى ئىزدەيتتى، بۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۇنى كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم.

سالىم مېنى ئايروپىلاننىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقتى:

— دوختۇر، ساڭا رەھمەت!

ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي، مېنى قۇچاقلاپ مۆرىلىرىمگە

www.uyghurkitap.com

سۆيدى، كۆز چاناقلىرىدا مەرۋايىتتەك ياشلار يالتىرايتتى. مەيلى نېمە بولسۇن، سالىم ھېسسىياتچان يىگىت ئىدى.

مەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ:

— خاتىرجەم بول، سامى قايتىپ كېلىدۇ، — دېدىم.

مەن ئايروپىلاننىڭ پەلەمپىيىدىن ئۆرلىدىم، ئىشىكتىن كىرىشتىن ئىلگىرى ئايرودۇرۇمغا يەنە سەپسالدىم، سامى يەنىلا كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، مەن ئاخىرقى ئۈمىدتىن ۋاز كەچمىگەنىدىم، سامىنىڭ مېنى ئۇزىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەرمەن دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى.

ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى يېپىلدى.

ئايروپىلان ئۇچۇش مەيدانىدا مېڭىشقا باشلىدى.

ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، پەس ھاۋا بوشلۇقىدا ئايلىنىشقا باشلىدى، ئۇ كىچىك قۇشلاردەك تەۋرىنەتتى. ئۇ «راكىتا» ناملىق ئايروپىلان ئىدى، ئاددىي، كونا ئىدى. ئافرىقا ئاۋىياتسىيە شىركىتى فىرانسىيە ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ تارماق شىركىتى بولسىمۇ، لېكىن قارا ئافرىقىنىڭ دۆلەت ئىچىگە قاتنايدىغان ئايروپىلانلىرى پۈتۈنلەي مۇشۇنداق، ئەبجەق، كونا ئىدى. ئۇنىڭغا نېگىرلارمۇ ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولسا كېرەك.

مېنىڭ پەستە يېپىلىپ ياتقان ئورمانغا قارىغۇم كەلمىدى، پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ، بۇ قېتىمقى ئافرىقا سەپىرىمنىڭ تەپسىلاتلىرىنى، ئۆزۈم ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدىم. بۇ قېتىمقى سەپىرىم كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان سەپەر بولغانىدى، ئۇچراتقان چىرايلار دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان چىرايلار ئىدى. مەن ئافرىقىدا ساياھەتچى ستانلېي ئۆمرىدە خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر نەرسىنى بايقىدىم. لېكىن، سامىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، مەن بايقىغان نەرسىدىن ئالدىراپ خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ.

# 11

مېنىڭ ئافرىقىدىن قايتىپ كەلگىنىمگە ئون ئاي بولدى.

مەن سۇلايمان پاشا مەيدانىغا ئورۇنلاشقان شىپاخانامغا قايتىپ كەلدىم. ھەر كۈنى توختىماي بىمارلارنى كۈتۈۋالىمەن. مەن ئۇلارنى بىمار دەپ ئاتىمايمەن، «ئەھۋال» دەپ ئاتايمەن. مەن قاھىرەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېنى نۇرغۇن «ئەھۋال»لار ئىزدەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئافرىقىدا بايقىغان ئىككى «ئەھۋال» — سامى بىلەن سامىيەنىڭ، بولۇپمۇ سامىنىڭ ئەھۋالىنى ئىزچىل كاللامدىن چىقىرىۋەتمىدىم.

مېنىڭ سامىدىن ئىبارەت بۇ «ئەھۋال»غا مۇنچە كۆڭۈل بۆلۈشۈمدىكى سەۋەب، ئۇ بىر ئادەمگە ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتكە — ئافرىقا ۋە ئاسىياغا قۇرۇلغان پۈتۈن بىر جەمئىيەتكە، تومۇرىدا ئاق تەنلىكلەر بىلەن رەڭلىك ئىرقتىكىلەرنىڭ قېنى ئارىلىشىپ ئېقىۋاتقان ئارغۇنلار جەمئىيىتىگە ياكى ئافرىقىدا «مانتىس» دەپ ئاتىلىدىغانلارنىڭ جەمئىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەن بۇ جەمئىيەتتىكى پىسخوپاتالوگىيەلىك ئەھۋالغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلگىنىم ئۈچۈن، مۇشۇ توغرۇلۇق بىر ئىلمىي ئەسەر يېزىپ، كېيىنكى قېتىملىق روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى يىغىنىغا سۇنماقچى. ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ ئىلمىي ئەسەرنى يېزىشنى باشلاپ بولدۇم، ئەسەرگە «مانتىسلاردىكى پىسخوپاتالوگىيە» دەپ ماۋزۇ قويدۇم. مەن ئۆز خىزمىتىمنى ئىشلىگەندىن سىرت، ئۆيۈمدە نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۇم. سالىم ماڭا سوۋغات قىلغان يولۋاس تېرىسى بىلەن شىرنىڭ كىچىك ھەيكىلى ئالدىمدا تۇرىدۇ. مەن ئىلمىي ئەسىرىم ئۈستىدە ئىشلەيمەن. سامى ۋە ئافرىقا جەمئىيىتىدىكى مانتىسلارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان خاتىرەمنى پات - پات ۋاراقلاپ

www.uyghurkitap.com

قويىمەن، ساياھەت جەريانىدا تارتقان سۈرەتلەرنى كۆرىمەن. مەن سۈرەتتىكى چىرايلارغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كېتىمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سامىنىڭ چىرايىمۇ بار. خۇددى مەن مۇشۇ ساھەگە دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەردىن تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى مۇشۇ چىرايلاردىن تاپماقچى بولغاندەك قاراپ كېتىمەن.

ئىلمىي ئەسىرىمگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، مەندە غەلىتە بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. ئىلمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ بىر خىل دادىل تەسەۋۋۇر ئىدى.

مەن باشتا دەپ ئۆتكەن، مانتىسلار پىسخوپاتالوگىيەسى ئىككى خىل قارىمۇقارشى جەمئىيەت ــ ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتى بىلەن قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقان پىسخوپاتالوگىيە، ئوتتۇرا ھالەتتە تۇرۇۋاتقان پىسخوپاتالوگىيە. بىر مانتىس ئالدىغا ئىلگىرىلەپ ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىگە كىرىشكە ئامالسىز ياكى كەينىگە چېكىنىپ قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىگە كىرەلمەيدۇ.

بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ پۈتكۈل ساپاسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىغا، ھېسسىياتىغا ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي ئورۇننى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورۇندا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

لېكىن، مانتىسلار نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەمەس، ئىلمىي جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ئۇلار ئاق تەنلىك ئاتا ياكى ئىگىر ئانىدىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس.

مانتىسلارنىڭ مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتى ياكى قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتى ئارىسىدىن بىرىنى تاللاش ئىقتىدارى ۋە تاللاش ئىرادىسىدىن ئايرىلىپ

قالغانلىقىدىن بولغان.

ئۇ بۇلاردىن قانداق ئايرىلىپ قالغان؟

ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكى جەمئىيەت ئۇنىڭ تاللاش ئىرادىسىنى ۋۇجۇدىدىن ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ نەزەر سالغىنىدا، ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىنى رەت قىلىۋاتقانلىقىنى، قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىنى چەتكە قېقىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۆزىنى ياكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق بىرىگە تېڭىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولىدۇ ياكى ئىككى خىل جەمئىيەت ئۇنىڭغا تاڭغان تەقدىرگە قارشىلىق قىلغۇدەك ئىقتىدارى يېتىلمىگەن بولىدۇ. دېمەكچى، تەقدىرنى تاللاش ئىرادىسى ياكى تەقدىرگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى بالا ۋاقتىدىلا يوقاتقان بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ خىل ئىرادىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئۆزىگە تېڭىلغان بۇ ئورۇنغا رازى بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

لېكىن، ئەگەر بىز، بىر مانتىس تۇغۇلغاندا ئۇنىڭدا مۇكەممەل ئىرادە، ساغلام ئادەملەرگە خاس ئىرادە بار دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا ئۇ كۆزىنى ئېچىپ جەمئىيەتكە يۈزلەنگەندە، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىيەلەمدۇ؟ ئۇ ئوتتۇرىدا قالغان روھىي ھالەتتىن قۇتۇلالامدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىككى خىل جەمئىيەت ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر جەمئىيەتكە تاڭالامدۇ؟ ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ يا ئاق تەنلىك بولىدۇ، ئاق تەنلىكلەر مىجەزىنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ؛ يا قارا تەنلىك بولىدۇ، قارا تەنلىكلەر مىجەزىنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ.

مانا بۇ سامىنىڭ ئەھۋالى.

ساغلام ئادەملەرگە خاس ئىرادىگە ئىگە سامى ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، بىر مانتىس سۈپىتىدە قايتىدىن دۇنياغا كەلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنىڭ مانتىس ئىكەنلىكىنى

بىلمەيتتى، ئۇ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى روھىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان جەمئىيەتتە ئۆتكۈزگەن. ئۇ مۇشۇ جەمئىيەتتە مۇكەممەل ئىرادە شەكىللەندۇرگەن، ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئۇ ئوتتۇرىدىكى ئورۇندىن قۇتۇلالىغان، ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىيەلىگەن. ئوتتۇرا مىجەز، ئوتتۇرا ئەقىل - پاراسەت، ئوتتۇرا ئۆرپ - ئادەت، ئوتتۇرا ھېسسىيات ۋە ئوتتۇرا دىن دېگەندەك تۇيغۇلار ئۇنىڭغا زورلاپ تېڭىلمىغان. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ساغلام بىر ئادەم سۈپىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر مانتىس سۈپىتىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئەمدى تاللاش ئىرادىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەتراپىدىكى ئىككى جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق بىرىگە زورلاپ تاڭالامدۇ ياكى ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتى بىلەن قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتى ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئورۇننى زورلاپ تاڭالامدۇ؟

بۇ مەن ئىلمىي ئەسىرىم ئۈستىدە ئىشلەۋاتقاندا يولۇققان دادىل تەسەۋۋۇر.

بۇ تەسەۋۋۇر مېنى چارچىتىپ ھالىمنى قويمىدى. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، ئۇنى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلەتتى.

لېكىن، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيۋاتاتتى. سامىنىڭ خەۋىرىنى ئالسام، ئۇنىڭ مانتىس سۈپىتىدە قايتىدىن دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنكى روھىي ھالىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلسام، ئاندىن بىرنېمە دېگىلى بولارمىكىن.

سامىدىن ھېچقانداق خەۋەر يوق. سامى ياكى سالىم مېنىڭ ئۇلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خەت يېزىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. مەن سالىمغا ئادرېسىمنى ئالاھىدە قالدۇرۇپ، ماڭا خەت يېزىپ تۇرۇشنى، سامى بىلەن سامىيەنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ، مېنى

خاتىرجەم قىلىشنى تاپىلىغانىدىم. لېكىن، ئافرىقىدىن قايتىپ كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر ئالالمىدىم. مەن ئۇلارنىڭ بىپەرۋالىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، يا ئۇلارنىڭ ئۇ يېرىدە بىرەر ئىش يۈز بەرگەن بولسا، سالىم ماڭا خەت يازالمايۋاتامدىكىنتاڭ؟

مېنىڭ ئارزۇيۇم، توغرىسىنى ئېيتقاندا، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىش ئارزۇيۇم تېخىمۇ كۈچەيدى. مەن سالىمغا بىر پارچە دوستانە خەت يازدىم، ئۇنىڭ مېنى ئۇبدان كۈتكىنىگە، ماڭا ھەمراھ بولۇپ باماكو شەھىرىنى ياخشى ئايلاندۇرغانلىقىغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم، يەنە ئاكا ـ ھەدىلىرىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدىم. مەن خەتتە سامى بىلەن سامىيەنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ئارتۇق بىرنېمە دېمىدىم، چۈنكى ئۇ ئىككىسىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى قىلچە بىلمەيتتىم.

مەن بىر ئاي ساقلىدىم.

ھېچقانداق خەۋەر يوق. بولمىسا مەن تېز يوللانما قىلىپ خەت سېلىۋەتكەن.

مەن يەنە بىر ئاي ساقلىدىم. مەن ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم، قاھىرە بىلەن باماكونىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، قاتناش قولايسىز. ئىككى ئايلاردا ئاران جاۋاب خەت كېلىشى مۇمكىن.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى، يەنە خەۋەر يوق.

مەن ئۈمىدسىزلەندىم.

ئېچىمدىكى تەقەززالىق مېنى باماكوغا، ئافرىقىنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە يەنە بىر قېتىم بېرىشقا ئۈندەيتتى. سامىنى ئۇچرىتىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئۇنى ئۇچرىتالمىغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىمارلارنى ئۇچرىتالىشىم مۇمكىن. ئۇ چاغدا پسىخولوگىيە تەجرىبىسىگە ئائىت بۇ يېڭى ئىلمىي نەزەرىيەنى ئۇلار ئارقىلىق ئىسپاتلىيالايتتىم. مەن ئاشۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، ھەر

كۆنى كەچتە باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتىمەن. خىزمەت خاتىرەمنى ۋاراقلايمەن. سۈرەتلەرنى كۆرىمەن، سامىنى ئويلايمەن، ھەر قېتىم ئۇنى ئويلىغىنىمدا بىرنەرسىنى ھەرگىز ئىنكار قىلالمايمەن. مەن بىلەن سامىنىڭ مۇناسىۋىتى پالغۇز ئىلمىي مۇناسىۋەت ئەمەس، ئىلىم ـ پەن خادىمى بىلەن ئۇ تەجرىبە ئىشلىگەندە پايدىلىنىدىغان خىمىيەۋى ئەسۋاب مۇناسىۋىتىمۇ ئەمەس، ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئىدى. مەن ھەر قېتىم سامىنى ئويلىغىنىمدا ئاتىلارغا خاس بىر خىل ھېسداشلىق، مېھرىبانلىق ھېسسىياتى يۈرىكىمدە قايناپ تاشاتتى.

ئۇن ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى كەچ، مەن شىپاخانىدا بىر ئايال بىمار بىلەن ئانالىز خاراكتېرلىك سۆھبەتنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا، ياردەمچىم (مەن ئۇنى ئەر سېستىرا دەپ ئاتىمايمەن) كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ چاقىرمىسامىمۇ كىرگىنىدىن ھەيران بولدۇم. دوختۇرخانامىنىڭ تۈزۈمىدە بىر بىمارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئون مىنۇت ئارام ئالاتتىم. ئاندىن بىر ھەپتە ئىلگىرى مەن بىلەن كېلىشىپ قويغان تەرتىپ بويىچە يەنە بىر بىمارنى چاقىراتتىم. ھەربىر بىمار بىلەن سۆزلىشىدىغان ۋاقىت ناھايىتى ئۇزاق بولغاچقا، مەن كېسەل كۆرىدىغان ۋاقىتنى بىر ھەپتە ـ بىر ھەپتىدىن رەت تەرتىپى بويىچە تىزىۋالاتتىم. ئادەتتە بىر بىمارنى كۆرۈپ بولۇپ، يەنە بىر بىمارنى كۆرۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتا ياردەمچىمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. مەن چاقىرسام ئۇ باشقا گەپ ياكى شۇ كۈنلۈك بىمارلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ياردەمچىم كىرىپ، كەلگەن تېلېفونلارنى ۋە باشقا ئىشلارنى ئۇقتۇراتتى. مەن بۇ تۈزۈمگە قاتتىق رىئايە قىلاتتىم. ياردەمچىممۇ شۇنداق. ئايرىم ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياردەمچىم مەن بىلەن ئىشلەۋاتقان شۇنچە يىللاردىن بېرى بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ باقمىغانىدى.

شۇڭا، ياردەمچىم مەن چاقىرمىغان ئەھۋالدا كىرىپ كەلگەندە، ھەيران بولدۇم، ياردەمچىمنىڭ چىرايىدىنمۇ ئىككىلىنىش ۋە خىجىللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا بىر ئىسىم كارتىسىنى ئۇزىتىۋېتىپ ئېغىز ئاچتى:

— بۇ ئىسىم كارتىسىنىڭ ئىگىسى سىز بىلەن دەرھال كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ باماكودىن كەپتۇ. كېسەل كۆرسەتمەيدىكەن. سىزنىڭ ئافرىقا توغرۇلۇق يېزىۋاتقان ئىلمىي ئەسىرىڭىزگە بەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلگەچكە ...

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، قولىدىن ئىسىم كارتىسىنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدىم.

ئۇ سامى، سامىنىڭ ئۆزى ئىدى !

سامى داۋۇد. ئۇنىڭ ئىسمى فىرانسۇز يېزىقىدا يېزىلغانىدى.

شىپاخانىنىڭ تۈزۈمىگە ئۆزۈممۇ خىلاپلىق قىلدىم، ياردەمچىمگە سامىنى دەرھال باشلاپ كىرىشنى ئېيتتىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىككە تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتىم، كاللامدىن نۇرغۇن خىياللار يالت ـ يۇلت ئۆتمەكتە ئىدى.

مەن ئۇنى يەنىلا باماكودا كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش، چىرايى تاتىراڭغۇ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئايىغىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرغان ھالەتتە كۆرەرمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز گەپلەرنى ئاڭلارمەنمۇ؟ يەنە بىرى، ئۇ قاھىرەگە نېمىگە كەلگەندۇ؟

يۈرىكىم ئەنسىزلىك ئىچىدە سوقاتتى. مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ كەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

سامى توغرۇلۇق كاللامغا كەلمىگەن خىياللار كەلدى، ئۇنى پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەن، ھارغىن چىراي، ھەتتا پۈتلىرىنى سۆرەپ ماڭىدىغان، ياكى قوللىرى ئۇرۇپ چىقىۋېتىلگەن، ياكى

www.uyghurkitap.com

چىرايى غەلىتە تۇسكە كىرىپ قالغان ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم.

ئىشىك ئېچىلدى.

سامى كىرىپ كەلدى.

ئېگىز بوي، ساغلام، ئىشەنچكە تولغان، ئۇنىڭ چىرايى ئىلگىرى مەن كۆرگەندىكىدىن بەكىرەك قارىداپ كەتكەن، كۆزلىرىدە تەمكىنلىك، لەۋلىرىدە شادلىق تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى.

مەن قولۇمنى ئۇزىتىپ، چىن يۈرىكىمدىن ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولدۇم.

لېكىن، ئۇ ئۇزاتقان قولۇم بىلەن كارى بولماي، قوللىرىنى كەڭ يايغىنىچە كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى. مەنمۇ خۇددى ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان ئوغلۇمنى قۇچاقلىغاندەك، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.

قەلبىمنى چەكسىز بەخت چۇلغىۋالغانىدى.

— ياخشىمۇسەن؟ — سورىدىم مەن.

سامى جۇشقۇن تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:

— مانا ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ياخشىلىقىمغا گەپ كەتمەيدۇ!

— ئۆيدىكىلەرچۇ؟

— ھەممىسى ياخشى، ھەممىسى سېنى ئەسلەپ، سېغىنىپ ئۆتۈۋاتىدۇ!

— سامىيەچۇ؟

سامى خۇشال جاۋاب بەردى:

— ئۇ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلاندى. ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت، سالىمغا ياردەملىشىپ دۇكان ئېچىۋاتىدۇ. ئويلاپ باق، سامىيەنى ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ دەپ كىم ئويلىغان!

بىنانىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ئالدىراپ، ئۇنى سورىغىلى تاس

قالدىم، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. هازىر ئۇنى سوراشنىڭ ۋاقتى ئەمەس دەپ ئويلىدىم.
— قانداق بولۇپ قاهىرەگە كېلىپ قالدىڭ؟ خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن ! — دېدىم مەن.
— سۆزلەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن ! — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
ئۇنىڭ ئۇزۇن هېكايىسىنى ئاڭلاشقا هازىر ۋاقتىم يوق ئىدى.
— مەن سىلەرگە خەت يازغان، — دېدىم مەن.
— هەممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
— لېكىن سىلەردىن جاۋاب خەت ئالالمىدىم.
سامى مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىپ بولغاندەك قىلاتتى.
— بۇ ئىشلارنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ !
مېنىڭ بۇ هېكايىلەرنى شۇنداق ئاڭلىغۇم بار ئىدى. لېكىن، هازىر بولمايدۇ.
— مەن يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئىشتىن چۈشىمەن، بۈگۈن كەچتە بىرەر ئىشىڭ بارمۇ؟ — سورىدىم مەن.
— هېچ ئىشىم يوق، مەن قاهىرەگە مەخسۇس سېنى يوقلاپ كەلگەن.
— ئەمىسە قاهىرە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ تۇر، بولمىسا شىپاخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گروبى ماگىزىنىدا ئولتۇرۇپ تۇرساڭمۇ بولىدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كىر، كەچلىك تاماقنى بىللە يەيلى.
سامى قولىنى سوزۇپ، مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتى:
— كېلىشتۇق ئەمىسە !
ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ قايتىپ كەلدى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— بىندانى سوراپ قويمايسەنغۇ؟ ئۇ ساڭا قىزغىن سالام ئېيتتى ! — دېدى.

سامى چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاياجان بىلەن قاراپ قالدىم. قەلبىمدىكى ھاياجاننى تولىمۇ تەستە باستىم، زېھنىمنى يىغىپ كېسەل كۆرۈش ئۈچۈن، كاللامدا ئۆركەشلەپ تۇرغان نۇرغۇن خىياللارنى ۋاقىتلىق بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

سامى بىر سائەتتىن كېيىن قايتىپ كىردى. مەن ئۇنى ماشىنا بىلەن زەمالىك رايونىدىكى ئۆيۈمگە ئېلىپ ماڭدىم. يول ئۈستىدە بىز پەقەت باماكو توغرۇلۇق ۋە سامىنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قاھىرەگە كېلىپ ئاسمان ـ پەلەك بىنالارنى كۆرۈۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاندا ـ مۇندا پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. بۇ ئارىلىقتا ئۇ سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ئۇزۇن ھېكايە توغرۇلۇق گەپ ئاچقۇم كەلمىدى. مەن ئۇنى تولۇق، سىستېمىلىق ئاڭلىماقچىدىم، ھېكايە ئارىسىغا كەچلىك تاماق ۋاقتىدىكى ۋىلكا ـ قوشۇقلارنىڭ ئاۋازىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سالىم ئىككىمىز كۇتۇپخانامدىكى يوغان ئىككى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتۇق. قەھۋە ئىچتۇق. ئاندىن مەن يېنىك تەلەپپۇزدا گەپ ئاچتىم:

— قېنى، ئەمدى ھېكايەڭنى باشتىن باشلا !

— قەيەردىن باشلايمەن؟

— سەن باماكودىكى مەن چۈشكەن مېھمانسارايدىن چىققاندىن كېيىن نەگە يوشۇرۇنۇۋالدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئىزدىتىپ كەلمىدىڭ؟

سامى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرى ئالدىغا تىكىلگەن، خۇددى باماكوغا قاراۋاتقاندەك ئىدى.

سامى گەپ باشلىدى:

— ئۇ كۈنى مەن ئۆزۈم يالغۇز قېلىشنى خالاپ قالغاندىم.

ھاياتىم توغرۇلۇق سەن ماڭا سۆزلەپ بەرگەن، لېكىن ئۆزۈم خەۋەرسىز بولغان ئىشلارنى دەلىللەپ چىقىشىمغا توغرا كېلەتتى. مېنىڭ نېگىر ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىمدىن ئىبارەت بۇ پاكىت خۇددى ئۇستىخاندەك بوغۇزۇمدا تۇرۇۋالغانىدى، مەن بۇ ئۇستىخاننى يۇتۇۋېتىشىم ھەم ھەزىم قىلىۋېتىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇستىخاننى جىمجىتلىق ئىچىدە ھەزىم قىلىۋېتىش ئۈچۈن، بىندانى ئېلىپ ئورمانغا كىرىپ كەتتىم.

— بىز كەنتكە بېرىپ سېنى سۈرۈشتۈردۇق، لېكىن تاپالمىدۇق، — دېدىم مەن.

— بىندا ئىككىمىز كەنتكە بارمىدۇق، — دېدى سامى، — بىز دەريادىن ئۆتۈپ، كۇرۇبا تېغى ئېتىكىگە، دادام توي قىلغان، ئاپام مېنى تۇغقاندا يوشۇرۇنغان يەرگە باردۇق. بىز ئورمان ئىچىدىن بىر نېگىرنىڭ كەپىسىنى تېپىپ، شۇ يەرگە يوشۇرۇندۇق.

— مەن ساڭا ئېيتىپ بەرگەن ئىشلارنى قانداق تەكشۈردۈڭ؟ — سورىدىم مەن.

— مېنىڭ ئۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈش خىيالىم يوق ئىدى، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ قارىشىمچە، سېنىڭ مېنى ئالدىشىڭنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ماڭا بىرەر ھېكايە توقۇپ سۆزلەپ بېرىشىڭنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. مەن بىندادىن تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارنى ئۇقتۇم. ئاشۇ ئۇزاق كۈنلەردە، مەن بىندادىن ئەڭ كىچىك ئىشلارغىچە سورىدىم، مەن بىندانى ئىزچىل ھالدا ئۆزۈمگە ئەڭ يېقىن، يۈرىكىمگە ئەڭ يېقىن ھېس قىلاتتىم، ئەسلىدە مەن ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىدىكەنمەن. بۇ خىل تۇيغۇدىن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، مەن روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغاندا بىندا بىلەن توي قىپتىمەن. بۇ خىل تۇيغۇ مېنى بارلىق تەپسىلاتلارغا تېخىمۇ ئىشەندۈردى. لېكىن، مەن گاڭگىراش ئىچىدە ئىدىم. بىنداغا بولغان مۇھەببىتىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە مەن ئۈچۈن

ئەھمىيەتسىز ئىدى، مەن ئۆزۈم ئاڭلىغان نەرسىلەردىن يا ھاياجانلانمايتتىم، يا خاپا بولمايتتىم، يا خۇشال بولمايتتىم. خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مەن ئۆزۈمنى يا ئاق تەنلىكتەك، يا قارا تەنلىكتەك ھېس قىلمىدىم، ئۆزۈمنى مانتىس دەپ قاراش تېخىمۇ يوق، شۇ كۈنلەردە مەندە سەن سېنىڭ ئاپاڭ دېگەن ئاشۇ ئايال بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ چاغدا مەندە ئۇ ئايالغا نىسبەتەن بالىغا خاس ھېسسىيات يوق ئىدى. لېكىن، ئۇنى كۆرگۈم بار ئىدى، بۇ خۇددى قېنىمنىڭ رەڭگىنى كۆرمەكچى بولغاندەك، قىزىقىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا مەن قورققانىدىم. ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىشتىن قورققانىدىم ئون بەش كۈندىن كېيىنمۇ مەن بىر قارارغا كېلەلمىگەنىدىم. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا باردىم.

سامى ئالدىغا تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزاق جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ گەپ قىلمىدىم، خېلى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى چۈشتىن ئويغاتماقچى بولغاندەك سورىدىم:

— بۇ ئارىلىقتا كاباكا سىلەرنى ئىزدىدىمۇ؟

سامى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭچە، كاباكا بىزنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىمىزنى بىلىپ بولغان، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بىزگە زورلاپ تېڭىشنى خالىمىغان. ئۇ يېتىشكەن پەيلاسوپ، بىزنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئالدىغا بېرىشىمىزنى كۈتكەن. كېيىن بىز ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك باردۇق. بىر كۈنى ئەتىگەن ئويغىنىپلا، ئاپامنى كۆرۈشكە شۇنداق ئالدىراپ كەتتىم، شۇنىڭ بىلەن بىندانى ئېلىپ كەتكە باردىم. كاباكا بىزنى جىممىدە كۈتۈۋالدى. ئۇ گويا زۇلمەتلىك كېچىنىڭ سايىسىدەك ئالدىمدا گەپ قىلماي تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، بۇ چىرايدىن نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى كۆردۈم، ئۆزۈمنى كۆردۈم، بىندانى كۆردۈم، ئاپامنى كۆردۈم، كاباكا مېنىڭ تاغام بولاتتى. مېنىڭ نەپسىم ئىتتىكلەپ كېتىۋاتاتتى، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ

كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك سوقاتتى.

— ئۇ قەيەردە؟

كاباكا مېنىڭ كىمنى سوراۋاتقانلىقىمنى چۈشەندى، قاۋۇل قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاپام تۇرۇۋاتقان كەپىنى كۆرسەتتى. ئۇ مېنى يالغۇز كىرىشكە بۇيرۇغانىدى. بىندا ئارقامدىن ئەگەشتى. مەن كەپىگە كىردىم، پۈتلىرىم ئۆزۈمگە بويسۇنماي غالىلداپ تىترەيتتى. يىقىلىپ كېتىدىغاندەك، قەدەملىرىمنى ئاران يۆتكەيتتىم، مەن ئۇنى — قاتتىق كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇلغان بىر دۆۋە قارا ئۇستىخاننى كۆردۈم. مەن بۇ بىر دۆۋە ئۇستىخاننىڭ ئاپام ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدىم، ئىشىنەلمىدىم، ئىشىنىشكىمۇ ئامالسىز ئىدىم. لېكىن، ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ماڭا قارىغاندا، مەن ئۆز ئاپامنى كۆردۈم، بالىلىق دەۋرىمنى كۆردۈم، ماڭا كۆيۈنگەن، ماڭا نېگىرلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ ئايالنى كۆردۈم. ئاپام مېنى كۆرۈپ ئېسەدەپ كەتتى، ئىككى قولىنى — تېرىگە ئورالغان ئىككى تال ئۇستىخىنىنى ماڭا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى دەھشەتلىك تىترەيتتى. ئۇ مېنى يېنىغا چاقىردى. مەن باشتا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىق ساقلاپ تۇرغانىدىم، لېكىن مەن ئۇنداق تۇرۇپ چىدىيالمىدىم، ئۇنىڭ ئېچىلغان قوللىرىنىڭ ئارىسىغا، باغرىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم، پەس ئاۋازدا: «ئاپا ... ئاپا» دېدىم. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. بەدىنىم ئاغرىغۇدەك چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ مېنى قۇچاقلىغان قوللىرىدا بىر خىل خاسىيەتلىك كۈچ بار ئىدى، گويا ئۇ پۈتۈن ھاياتىي كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغقاندەك، مېنى باغرىدا مەڭگۈ تۇتۇپ قالماقچى بولغاندەك ئىدى. كېيىن ئۇنى جىمجىت قالغاندەك ھېس قىلدىم، ئۇنىڭ نەپىسى يوقاپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغانىدى. ئۇ جان ئۈزگەن، مېنىڭ ئاپام باقىي دۇنياغا سەپەر قىلغانىدى! بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدىن بوشىنىپ، يېنىدا ئولتۇرماقچى بولدۇم.

ئادەتتە مېيىت بىلەن بىللە تۇرسا ئادەمنىڭ تېنى

جۇغۇلدايدۇ، لېكىن مەن ئۇنداق بولمىدىم. ئۇنىڭ بىلەكلىرى مۇرىلىرىمدىن چىڭ قۇچاقلاپ تۇراتتى، مەن ئۇنى ئاجرىتىشقا ئامالسىز ئىدىم، بۇ بىلەكلەر مېنى ئۇنىڭ باغرىدىن، ئانامنىڭ باغرىدىن مەڭگۇ ئاجراتمايدىغاندەك چىڭ كىرىشكەنىدى.

سامى بىرپەس جىم تۇرۇۋالدى، مەڭزىدىكى مونچاقتەك ياش تامچىلىرىنى قولى بىلەن سۈرتتى، بۇ قايغۇلۇق كەيپىياتنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، مەنمۇ گەپ قىلمىدىم.

سامى ئىچىدىكى قايغۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئېغىر ئۇھ تارتىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىندا كېلىپ ئاپامنىڭ مۇرىلىرىمدىكى قوللىرىنى ئاجراتتى، ئاپام ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىنى يۇمدى. لېكىن، مەن هازىرغىچە ئاپام مېنى يەنىلا باغرىغا بېسىپ تۇرغاندەك هېس قىلىمەن، مەڭگۇ شۇنداق بولىدۇ!

سامى ئۆزىدىكى قايغۇدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ كەنتتە تۇرۇشقا باشلىدىم، مەن ئۇ يەردە مەجبۇرىي تۇرمىدىم، مېنى ئۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇرلىغان ئادەممۇ يوق. مەن ئاپامنىڭ كەپىسىدىن قايتىپ چىققىنىمدا، ئۆزۈمنى مۇشۇ كەنتنىڭ بىر ئەزاسىدەك هېس قىلدىم، كاباكانىڭ كەپىسىگە كىرگەندە، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك هېس قىلدىم. هەممە نەرسە شۇنداق تەبىئىي. كەنت ئاھالىلىرىمۇ مېنى كۆرگەندە هەيران قالمىدى، بىر ـ بىرىگە كۇسۇرلاشمىدى، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئەزاسىدەك مۇئامىلە قىلدى. نېگىرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپامنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىمۇ هېچقانداق غەلىتىلىك، بىزارلىق هېس قىلمىدىم، ئەكسىچە ئۇ كۆڭلۈمنى تېخىمۇ ئەزدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋولۇف تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىمنى سەزدىم. مەن ۋولۇف تىلىنى بۇ دەرىجىدە پىششىق بىلىدىغانلىقىمنى ئەزەلدىن بىلمەيتتىم. مەن يەنە

نېگىرلارنىڭ ھەممە ئۇسسۇللىرىنى ئويناليايدىكەنمەن، بۇنىمۇ ئىلگىرى بىلمەيتتىم، مەن ئاپامنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈردۈم، ئۇلار بىلەن ئەزەلدىن بىللە تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاق تەنلىك ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بەزىدە تۇغقانلىرىمنىڭ بەزى قىلىقلىرى ئاق تەنلىك ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە سېلىپمۇ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ماڭا مەنسىتمەسلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، بەزىلىرى بىندا بىلەن توي قىلغىنىمغا ھەسەت قىلاتتى، لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنداق قىلىقلار ۋە ھەسەتلەرمۇ يوقالدى. مەن يېرىمىم ئاق تەنلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا پەقەت يېرىمىملا قارا تەنلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى.

سامى جىمىپ قالدى.

— سالىمچۇ؟ — سورىدىم مەن.

سامى قوشۇمىسىنى تۈردى، خۇددى ئۆكسىگە ئىچ ئاغرىتقاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى:

— سالىم مېنىڭ كەنتتە ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ مېنىڭ نېگىرلار بىلەن نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدى. چۈنكى، ئۇ ئادەتتە مېنىڭ قوش مىجەزلىك بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدىلا نېگىرلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىمنى بىلەتتى. ئۇ مېنى شەھەرگە ئېلىپ كەتمەكچى، دادامنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. مەن ئىككىلىنىپ قالدىم. دادامنىڭ ئۆيىگە كېتىشنى كۆڭلۈم خالىمايتتى، شۇنداقتىمۇ بىر بېرىپ ئۆزۈمنى دەڭسەپ باقماقچى بولدۇم ۋە سالىم بىلەن بىللە كەتمەكچى بولدۇم. خوتۇنۇم بىندا كەنتتە قالىدىغان بولدى. ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتتى، ئۇ مەندىن كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىرقۇر ياساپ قويۇپ كەتتىم. مەن سامىيە ۋە سالىملار

بىلەن بىر ھەپتە بىللە تۇردۇم. بۇ جەرياندا ئۆزۈمنى ئىمكان بار تەبىئىي، تىنچ كۆرسىتىشكە تىرىشتىم، بۇ يەر مېنىڭ دۇنيايىم، دېگەنگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇندۇم. ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىدىكىلەر، ھەتتا سامىيەمۇ مېنىڭ ئىشىمىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شەھەر بىلەن كەنت، دادامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئاپامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدىن بىرنى تاللىمىسام بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مەن كېيىنكىسىنى تاللىدىم، كەنتكە قايتىپ كەلدىم، ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىغا قايتىپ كەلدىم.

مەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم. سامى ھەيرانلىق ئىچىدە ماڭا قارىدى، ئاندىن لىۋان يەرلىك تىلىدا ئېغىز ئاچتى:

— دوختۇر، نېمىگە كۈلىسەن؟ ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

— ئەكسىچە، ساڭا ناھايىتى ئىشىنىمەن، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن ھازىر ئۆزۈم يېزىۋاتقان چوڭ ئىلمىي ئەسەرنىڭ خۇلاسىسىگە كۆڭۈل توختاتتىم.

سامى چۈشىنەلمەي سورىدى:

— قانداق ئىلمىي ئەسەر؟

مەن چۈشەندۈردۈم:

— مەن سېنىڭ تاللاش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىڭنى مۆلچەرلىگەنىدىم. چۈنكى، سەن ساغلام ئىرادىگە ئىگە بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز كېلىپ چىقىشىڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇقتۇڭ، دېمەك تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇڭ دېگەن گەپ، مۇشۇ خىل مەسىلىگە دۇچ كەلگەن گۆدەك ئارغۇن باللاردا بولسا تاللاش ئىقتىدارى بولمايدۇ، ئامالسىز ئوتتۇرىدا قېلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مانتىس جەمئىيىتى شەكىللىنىدۇ.

— كۆرگەن ـ ئاڭلىغان نەرسىلىرىڭنى ئىلمىي نەزەرىيەگە ئايلاندۇرىدىكەنسەن ـ دە، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— بۇ مېنىڭ كەسپىم، — دېدىم مەن.

سامى بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. مەن تاقەتسىزلىك بىلەن



www.uyghurkitap.com

سورىدىم:

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارچۇ؟

سامى ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، مۇرىسىنى ئىتتىپ قويدى:

— فىرانسۇزلار مېنى قوغلاپ چىقاردى.

مەن ھەيران بولدۇم:

— سېنى قوغلاپ چىقاردى؟ نەدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە جەمئىيىتىدىن.

— نېمە ئۇچۇن؟

— چۈنكى مەن يۇرتداشلىرىم ئۈچۈن ھوقۇق دەۋاسى قىلدىم. ئەسلىي ئىش مۇنداق: قارىسام بىزنىڭ كەنتىنىڭ ياشلىرى بىر فىرانسۇزنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ مائاشى ئاق تەنلىك ئىشچىلار ئالىدىغان مائاشنىڭ تۆتتىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدىكەن. ئۇنچىلىك پۇلغا قورساقنىمۇ باققىلى بولمايدۇ. مەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنىنى ئىزدەپ تېپىپ، نېگىر ئىشچىلارغىمۇ تولۇق مائاش بېرىشكە ئۇنى كۆندۈرمەكچى بولدۇم، ئىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ، قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم، لېكىن غوجايىن مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمگە قۇلاق سالمىدى، تېخى مېنى كاللىسى ئازغانغا چىقىرىۋېتىپ، ئىشخانىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. مەن ئەتىسى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، غوجايىنغا يوللۇق تەلىپىمىزنى قويدۇق، غوجايىن بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېلېفون ئۇرۇپ ساقچىلارنى چاقىرتىپ كەلدى، ساقچىلار نېگىر ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ قولغا ئالدى، لېكىن مېنى قويۇۋەتتى. ئۇلار مېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەمەس دەپ قارىغاندى. مېنىڭ قاتتىق غەزىپىم ئۆرلىدى، چۈنكى ئۇلار ئاپامنىڭ قېرىنداشلىرىنى قولغا ئالغاندەك مېنى قولغا ئالمىغانىدى. غوجايىن يېڭى ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغاندىن

كېيىن، مەن ئۇلارنىمۇ مائاشىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئىش تاشلاشقا قوزغىدىم. ئىشچىلار دەرھال توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشخانىسىنى ئۇرۇپ ـ چاقتى، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋەيران قىلدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئون ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. قالغانلىرى تۈرمىگە تاشلاندى، مەنمۇ تۈرمىگە تاشلاندىم. ئۇلار مېنى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قويۇۋەتتى، مېنى قانداقلارچە قويۇۋەتكىنىنى بىلەلمەي، ھەيران بولدۇم. ئەسلىدە سالىم ساقچىلارغا پارا بېرىپ مېنى قويغۇزۇۋەتكەنىكەن، بۇنى كېيىن ئۇقتۇم.

مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

ــ بۇ ھەرىكەتكە سالىممۇ سەن بىلەن بىللە قاتناشقانمىدى؟

ــ ياق، ــ دېدى سامى، ــ ئۇ مەندىن يىراق يۈردى، ئۇنىڭدىن ئۆزۈم شۇنداق تەلەپ قىلغان. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ فىرانسىيە ۋالىيسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ساڭىمۇ خەت يازمىدى، بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ قاھىرە بىلەن سىياسىي ئالاقىسى بار دەپ قارىلىشى، ئۇنىڭ تىجارىتىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ساڭا جاۋاب خەت قايتۇرمىغان. ئۇ ئىنىم بولغانلىقتىن، ماڭا بولغان قېرىنداشلىق مېھرىدىن ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ نازارەت قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

ــ مەن جاۋاب خەت قايتۇرماسلىقتىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ چىققان، ــ دېدىم كۈلۈمسىرەپ، ــ لېكىن بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

سامى گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەن شۇنداق بىرنەرسىنى قاتتىق ھېس قىلدىم، فىرانسۇزلار كۆزدىن يوقالماي تۇرۇپ، يۇرتداشلىرىم، ئاپامنىڭ يۇرتداشلىرى ھەقىقىي ئىمتىيازغا

ئېرىشەلمىگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن، مەن سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن، ئىنقىلابىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم. مەن سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيەسىگە كىردىم، كاباكا ۋە بارلىق قەبىلە ئەزالىرىنىمۇ بۇ پارتىيەگە كىرىشكە قايىل قىلدىم. بىز پارتىيە ئىچىدە كۈچلۈك ئىنقىلابچىلارغا ۋەكىللىك قىلاتتۇق. مەن نېگىرلار ئارىسىدا ئۈزۈلدۈرمەي نۇتۇق سۆزلىدىم، ئۇلار بىلەن بىللە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتىم. پۈتۈن قارا ئافرىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىپ كەتتى، ئۇلار مېنى «سامۇ» دەپ ئاتايتتى. مەن ساقچىلاردىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا ماھىر ئىدىم. لېكىن، ئارىلىقتا بىر نېگىرنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن يەنە قولغا ئېلىنىپ قالدىم. خائىنلىق، ساتقۇنلۇق ھەربىر جەمئىيەتتە بار، نېگىرلار ئارىسىدا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ناھايىتى تېزلا، ئۈچ سائەت ئىچىدىلا، فىرانسۇزلار مېنى چېگرادىن — پۈتۈن ئافرىقا چېگراسىدىن قوغلاپ چىقىرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

سامى بىرپەس جىم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئازابلانغان ھالدا ئېغىز ئاچتى.

— مەن بىندا بىلەن خوشلىشالمايلا كېتىپ قالدىم، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى!

ئاندىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— بىلەمسەن، بىندا ھازىر ئېغىر ئاياغ، — دېدى.

مەن چىن يۈرىكىمدىن خۇشال بولدۇم:

— مۇبارەك بولسۇن، ئوغۇل بولسا دادىسىغا ئوخشىسۇن!

سامى ھاياجان بىلەن سۆز قاتتى:

— قىز بولسا بىنداغا ئوخشىسۇن!

خۇددى يىراقتىن بىنداغا سالام يوللاۋاتقاندەك، ھەر ئىككىمىز جىمىپ كەتتۇق. ئارقىدىن مەن سورىدىم:

— قاھىرەدە خېلى ئۇزاق تۇرامسەن؟

— ئىككى كۈنلا تۇرىمەن، ئاندىن سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ

لىۋانغا — دادامنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا بارماقچى.

ئارقىدىن ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى:

— مەن قاھىرەگە كېلىپ سېنى يوقلاپ ئۆتمىسەم بولمايتتى، چۈنكى سەن مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ!

— سەن ئۆزۈڭنىڭ جەمئىيىتىنى تاللىغاندا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇردۇڭ! — دېدىم سەممىيلىك بىلەن.

سامى بىزنىڭ ئۆيدە ئىككى كۈن تۇردى. ئۇ قايتقاندا ئايرودۇرۇمغا ئۇزىتىپ چىقتىم.

— بىندانىڭ يېنىغا تېزرەك قايتىپ بېرىپ، ئوغلۇڭنى كۆرۈشۈڭنى تىلەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

سامى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا ناھايىتى تېزلا — فىرانسۇزلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بىز غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قايتىپ بارىمەن. بىزنىڭ غەلىبىمىز سەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىن تېز قولغا كېلىدۇ، ئوغلۇم دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى غەلىبىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرىمىز! بىز غايەت زور بىر كۈچ!

ئۇنىڭ «بىز» دېگىنى نېگىرلار ئىدى.

بۇ كىتاب خۇنەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖南人民出版社1987年6月第1版，1987年6月第1次印刷本翻译出版。

## سەۋدايى ئاشىق

**ئاپتورى:** ئېھسان ئابدۇقۇددۇس (مىسىر)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل سابىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 7
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 - 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 17730 - 1
**باھاسى:** 21.00 يۈەن